3
1995



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION



مىسگەر.

غەيرەت ئەيسا فوتوسى

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
44 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1995 - يىل 3 - سان ( ئومۇمىي 214 - سان )

# بۇ سانىدا

### قىزغىن نۇقتا

شىنجاڭغا سەپەر - شىنجاڭدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم ...... ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

تەسىرات دېڭىزىدىن ئاھاڭلار .......... ئا. جالالىددىن، د. ئوبۇلقاسىم، ي. سادىق، ئو. مۇھەممەت 15

### سەھنە ئەسەرلىرى

چاقماق قىزى .......... (تارىخىي ئوپېرا) ......... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 31
قۇرتلاپ كەتكەن كۆل ......... (دراما) .................. ئابلىكىم روزى 50

### ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت سېپىدە

ئىككىنچى ئابىدە .......... (ئەدەبىي خاتىرە) ............... تاھىر تالىپ 66
قەدىمجايغا تىكلەنگەن ئابىدە ........................ زۇنۇن ئىسلام 72

### ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ... تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت، مۇتەللىپ پالتاجى 74

### شەيىنەك

بىزدىكى خوتۇن - قىزلار دىشۋارچىلىقى ............... نىزامىدىن ھۈسەيىن 76

مۇقاۋىدا: كوسەن تاشكېمىرلىرى رەسىملىرىدىن: «مەي تۇتۇش»؛ مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن: «چىن تۆمۈر باتۇر». رەسىملەرنى پەرھات ئىبراھىم سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار تۇختى
رەسسام ۋە گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: پەرھات ئىبراھىم
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

uyghurkitap.com

# شياڭگاڭغا سەپەر، شياڭگاڭدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم









**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم**

ئۆتكەن يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مەن شېنجېن ۋە جۇخەي شەھەرلىرىدىكى ئون نەچچە كۈنلۈك يىغىن - ئېكسكۇرسىيىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شېنجېندىكى كەسىپداشلارنىڭ دوستانە تەشەببۇسى بىلەن شياڭگاڭدا ئالتە كۈنلۈك زىيارەتتە بولدۇم. شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى كۈنسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاچقىمۇ ياكى ماڭا ۋە كۆپكە ناتونۇش، سىرلىق تۇيۇلغان مەشھۇر شەھەرنى ئوبدانراق چۈشىنىۋېلىش ئىستىكىم غالىپ كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئىجازەتتىكى چەكلىك ۋاقىتتىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلاندىم، ئامال بار كۆپ كۆرۈشكە ۋە كۆپ ئاڭلاشقا تىرىشتىم. زاۋۇت - كارخانىلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا، پورتلاردا، باغچىلاردا، رېستوران ۋە ماگىزىنلاردا، داڭلىق كېچىلىك سەيلىگاھلاردا، كۆكتات بازارلىرىدا، بايلار، كەمبەغەللەر رايونلىرىدا بولدۇم. شياڭگاڭنىڭ تۇراقلىق ئاھالىسى ئەمەسلەرگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان تەرەپلەرگە ئارتۇقراق نەزەر ئاغدۇردۇم. يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، جەمئىيەت



ئەھۋالى ۋە باشقا تەرەپلەر شياڭگاڭ زېمىنىغا تۇنجى قېتىم قەدەم قويغان كىشىلەرگە قانداق تەسىرات بەرگەن بولسا، ماڭىمۇ شۇنداق تەسىرات بەردى. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، شياڭگاڭ دەرۋازىسىدىن قورقۇچ، قورۇنۇش ئىچىدە كىرىپ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا قايتىپ چىقتىم.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، شياڭگاڭ 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىر ئالاھىدە رايون سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. تەبىئىيكى، شياڭگاڭ يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەتتا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بىزنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولىدۇ. شياڭگاڭ توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان قىزغىن نۇقتىغا ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى، خېلى چاغلاردىن بۇيان مەن ۋە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر چەت مەملىكەت ياكى رايونلارغا زىيارەت ھەم تىجارەت سەپىرى قىلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىز ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇق. ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ياۋروپا ئەللىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا مەملىكەتلىرى توغرىسىدا خېلى مۇپەسسەل مەلۇماتلار بېرىلدى. بىراق، شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ باردى - كەلدىسى كۈنسايىن كۆپىيىپ، سودا - تىجارەت ئالاقىلىرى قويۇقلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شياڭگاڭ توغرىسىدىكى قېلىپلاشقان تونۇشتۇرۇش - تەشۋىقاتلاردىن ئۆزگە، مەتبۇئاتلاردا ساياھەتنامە خاراكتېرىدىكى بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغىنىنى تا بۈگۈنگىچە چېلىقتۇرمىدىم. شياڭگاڭ يۇرتىمىزدىن بەكمۇ يىراقتا، لېكىن ئۇ ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى، شۇنداق ئىكەن، شياڭگاڭدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغانلارغا شەخسىي تەسىراتىم تەرىقىسىدە ئېيتىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى تەلەپكار مۇھەررىرلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## 1. شياڭگاڭ - قايناق پورت شەھىرى

گېئوگرافىك ئىقلىم جەھەتتە، شياڭگاڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇجياڭ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئۇ شياڭگاڭ ئارىلى ۋە جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەھەر رايونى شياڭگاڭ ئارىلىنىڭ شىمالى بىلەن جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر دېڭىز پورتى بار. ئەنگلىيە 1842 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى) ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن شياڭگاڭنى بېسىۋالغان. 1860 - يىلى (شيەنفېڭنىڭ 10 - يىلى) جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى جيەنشازۇي ئەتراپىنى ئىگىلىۋالغان. 1898 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24 - يىلى) جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى شېنجېن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ۋە ئەتراپتىكى ئۇششاق ئاراللارنى مەجبۇرىي ئىجارىگە ئېلىۋالغان.



شياڭگاڭ تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا جايلاشقان مەشھۇر ئەركىن پورت شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنى سۇ يولى ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق دۇنيا ئەللىرى بىلەن زىچ باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ سودا - سانائەت، پۇل مۇئامىلە بازىرىدۇر. كىچىككىنە قارىماي، ئالتە يېرىم مىليون ئاھالىنى ئۆزىگە

سىغدۇرالىغان بۇ شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەر تولىمۇ كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ، تەۋەككۇل قىلىپ مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، كۆچمىنى سېتىپ پۇل تاپقىلى كەلگەنلەرمۇ بار. بۇ جەھەتتىن شياڭگاڭنى تەۋەككۇلچىلەرنىڭ جەننىتى، ئىرقلار - مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆرگەزمىخانىسى دېيىشكە بولىدۇ. شياڭگاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تۆمۈر يول، دېڭىز يولى، ھاۋا يولى ئارقىلىقمۇ تۇتىشىپ تۇرىدۇ. گۇاڭجۇ - جيۇلوڭ تۆمۈر يولىدا قاتنايدىغان پويىز موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. گۇاڭجۇ، شېكۇ، فوزۇڭ قاتارلىق پورتلاردىن ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم نۆۋەتچى پاراخوت قاتنايدۇ. ھەر خىل مۇددىئا - مەقسەت بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق - شياڭگاڭ ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدىغانلار بەئەينى سەلدەك ئاقىدۇ.

## 2. تۇنجى تەسىرات - شياڭگاڭ ساقچىلىرى

مەن ۋە مېنىڭ بىر نەپەر ھەمراھىم 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شېنجېن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى «پادىشاھ» مېھمانخانىسىدىن چىقىپ ئالاھەزەل بىر سائەتچە ماشىنىلىق يول يۈرگەندىن كېيىن شېنجېن خەلقئارا ئايرودرومى يېنىدىكى فوزۇڭ پورتىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە رەسمىيەتلىرى-مىزنى نازارەتتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن شياڭگاڭنىڭ «ۋىكتورىيە» ناملىق تېز يۈرەر پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى. سائىتىگە 60 ـ 70 كىلو مېتىرلىق تېزلىك بىلەن يۈرۈۋاتقان پاراخوت زەڭگەر دېڭىز يۈزىدە يەلپۈگۈچسىمان ئاق ئىز قالدۇراتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شياڭگاڭنىڭ ئاسمان - پەلەك ئېگىز ئىمارەتلىرى جايلاشقان قىرغاق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. پاراخوت قىرغاقنى سول تەرەپتە قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى. شۇ تەرىقىدە بىرەر سائەتچە يول يۈرۈپ شياڭگاڭ پورتىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە شياڭگاڭ تاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پورت بىناسى دەرۋازىسىدىن چىقىپ بۇ سىرلىق شەھەر تۇپرىقىغا رەسمىي قەدەم تاشلىدۇق.

بىللە كەلگەن ھەمراھىم «شېنجېن ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىدىكى ۋاڭ خېنىمغا تېلېفون بەرگىلى كەتتى. ئەسلىدە ۋاڭ خېنىم ئالدىنقى چاقىرىق بويىچە شياڭگاڭدىن شېنجېنغا ئۆتكەن ۋە بىزنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن شياڭگاڭغا قايتىپ كەلگەنىدى. بىز شياڭگاڭغا يېتىپ بارغان ھامان ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىدىغان بولۇپ كېلىشىۋالغانىدۇق. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ پويىز ياكى پاراخوت بىلەن كېلىدىغىنىمىزنى بىلمەيتتى. پاراخوت بىلەن كەلگەن تەقدىردىمۇ قايسى پورتقا چۈشىدىغىنىمىزنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەمراھىم تېلېفون ئىزدەپ كەتتى. مەن پورت بىناسى ئالدىدىكى سەينادا يالغۇز قالدىم. يېقىنلا يەردىن ئادەملەر، ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مېنى بىر خىل قورقۇنچ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن كۆرۈپ تۇرىدىغان بەتبەشىرە بۇلاڭچىلار، لۈكچەكلەر، ئايال ئېزىتقۇلار خۇددى يېنىمدىن چىقىپ كېلىدىغاندەك، قولۇمدىكى فوتو ئاپپارات ۋە پۇل قاچىلانغان مەخپىي سەپەرلىك قول چامادانىمنى بۇلاپ كېتىدىغاندەك سۈر باسقىلى تۇردى.

دەل شۇ ئەسنادا كۆزۈم مەندىن ئون نەچچە قەدەم نېرىسىدا ئۇياق - بۇياق مېڭىپ يۈرگەن بىر ساقچىغا چۈشۈپ قالدى - دە، خۇددى قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيانى كۆرگەندەك بولدۇم، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى ئۇ ساقچى بولغاندىكىن «دېلو سادىر قىلماقچى» بولغان ھەر قانداق قاپ يۈرەك ئادەممۇ ئۇنىڭ كۆزىچە ماڭا چېقىلالماسلىقى مۇمكىنىدى.

كۆك شەپكە، بېغىررەڭ كۆڭلەك، كۆك ئىشتان كىيگەن، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلاپ، سۆزلەشكۈچنى مورىسىگە بېكىتىۋالغان، قىسقا ساقچى كالتىكىنى ئويناپ تۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ساقچى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئۇ ماڭا ئالدى بىلەن ئىنگلىزچە، ئاندىن خەنزۇچە گەپ قىلدى. خەنزۇچىنى گۇاڭدۇڭ شىۋىسىدە سۆزلىگەچكە سۆزىنى تولۇق ئاڭقىرالمىدىم. ئۇ قولۇمدىكى چامادانىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ گۇاڭدۇڭ شىۋىسى ئارىلاشقان ئاممىباب خەنزۇ تىلى بىلەن سۆزلىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تەسلىكتە ئاڭقىرالىدىم. ئەسلىدە ئۇ كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى بىلىۋالغان ۋە كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن

قول چامادانىمغا شەخسەن ئۆزى قاراپ بەرمەكچى بولغانىكەن. مەن پاكار بويلۇق، قورسىقى خۇددى تاۋۇز تىقىپ قويغاندەك تومپىيىپ چىققان بۇ ساقچىنى ساقچى فورمىسىنى كىيىۋالغان ئالدامچىمىدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولسامۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سەمىمىيەت شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم - دە، چامادانىمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سەل نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. تاماكا چەكمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇ بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەدەب بىلەن ئۇقتۇردى.

شۇ ئارىدا ھەمراھىم قايتىپ كەلدى. ئۇ تېلېفوننى ۋاڭ خېنىمغا ئۇلىغان بولسىمۇ، بىز چۈشكەن پورتنىڭ زادى قايسى پورت ئىكەنلىكىنى، ئەقەللىسى شياڭگاڭنىڭ نەرىگە جايلاشقانلىقىنى، ھەتتا ئەتراپتا قانداق مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. دېمىسىمۇ بۇ بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. بىز چۈشكەن پورتنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىسەك، ۋاڭ خېنىم بۇنچىلىك چوڭ شەھەردىن بىزنى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تەۋەككۇل قىلىپ ھېلىقى ساقچىغا مۇراجىئەت قىلدۇق. ئۇ، بۇ پورتنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغىنىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە قولىمىزدىن يېتىلەپ بېرىپ مىسقا ئويۇلغان شەھەر رايونى خەرىتىسىدىن ئورنىمىزنى تېپىپ بەردى. ئەگەر خالىساق، ئۆزىنىڭ خالىس خىزمەتتە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتتى.

ۋاڭ خېنىم يېرىم سائەتتىن كېيىن يېتىپ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغىچە بىز ساقچى بىلەن ھەر خىل تېمىلاردا سۆزلەشكەچ تۇردۇق. ئۇ، بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئەھۋاللىشىپ تۇرسىمۇ لېكىن كۆزى تۆت ئەتراپتا ئىدى. ۋاڭ خېنىم بىزگە شياڭگاڭ ساقچىلىرىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ساقچى دېگەن نامى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كېيىنكى كۈنلەردە بىز يەر ئاستى پويىز ئىستانسىلىرىدا، پورت - پىرىستانلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچا - كويلاردا ساقچىلارنىڭ ناھايىتى قويۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن رازىمەنلىك بىلەن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئىچىمىزدە تەستىقلىدۇق.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شياڭگاڭ ساقچىلىرى فورمىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي شەكلى جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەكلا پاكار بوي، دوغىلاق، قارامتۇل، يېسى بۇرۇن كېلىدىكەن. ئەر ساقچىلارنىڭ يۇمىلاقنىنە كەلگەن قورسىقى كەمىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرىدىكەن. لېكىن ئۇلار ساقچى فورمىسى ۋە ساقچىلىق سايمانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خېلى چەبدەس ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

دېل مۇشۇ چەبدەس، ھەيۋەتلىك ساقچىلارنىڭ تۆھپىسى بولسا كېرەك، شياڭگاڭدىكى قاتناش تەرتىپى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ياخشى ئىكەن. شياڭگاڭدىكى ئالتە كۈن جەريانىدا بىز بىرەر بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ۋەقەلىرىنى كۆرمىدۇق ۋە ئاڭلىمىدۇق، ھەتتا كېچىلىرى سائەت بىرلەردە ئۆزۈم يالغۇز ماگىزىن ئارىلاپ خېلى يىراقلارغىچە مېڭىپ باققان بولسامۇ، ھېچقانداق خەۋپسىرەش ھېس قىلمىدىم. كوچىلاردا ھەتتا خوتۇن - قىزلارمۇ يالغۇز يول يۈرەلەيدىكەن، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايدىكەن. ھەر ئىش ئۆز ئىزىدا كېتىۋېرىدىكەن. خەۋەردار كىشىلەر بىزگە بۇلاڭچىلىق دېلولىرى ئارىلاپ كۆرۈلۈپمۇ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇلاڭچىلارنىڭ مەخسۇس بانكا ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ماگىزىنىنىلا بۇلايدىغانلىقىنى، نامراتلارغا ئانچە چېقىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بانكا ۋە زىبۇ زىننەت دۇكانلىرىنىڭ بۇلىنىشىمۇ، بانكىر ۋە زىبۇ زىننەت دۇكانلىرى خوجايىنلىرىنىڭ ستراخوۋانىيە شىركەتلىرىدىن ئۆز دەسمايىسىنىڭ نەچچە باراۋەرىدە تۆلەم تۆلىتىۋېلىش مەقسىتىدە بۇلاڭچىلار بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈش، سۇكۇت قىلىش ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇق. بىزنىڭ بۇ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز بەلكى يۈزەكى نەرسىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق يۈزەكى قىياپەتمۇ بەزىدە ماھىيەتلىك تەرەپلەردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، شياڭگاڭنىڭ بىز كۆرگەن - ئاڭلىغان جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن، شياڭگاڭ جەمئىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ فىلىملەر سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت دېگەن كۆز قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە، رىقابەت بىلەن تولغان كىنو - تېلېۋىزىيە بازىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز

قىلدۇق.

## 3. ئومۇمىي قىياپەت، تېز تۇرمۇش رىتىمى

بىزنىڭ شياڭگاڭدىكى كۆڭلىرىمىز گەرچە شياڭگاڭنىڭ كۆز پەسلىگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز روشەن كۈز بېشارەتلىرىنى چېلىقتۇرالمىدۇق. جۇڭگونىڭ شىمالىي ئۆلكىلىرىدە، جۇملىدىن شىنجاڭدا قىشنىڭ سوغۇقى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان، قار چۈشكەن مەزگىل بولسىمۇ، شياڭگاڭ يەنىلا دىمىق ئىسسىق بولۇپ تېمپېراتۇراسى يەنىلا 25 گرادۇستىن چۈشمەيۋاتاتتى. شەھەر ئىچىدە سۈنئىي رەۋىشتە بەرپا قىلىنغان دەل - دەرەخلەر ناھايىتى ئاز بولغاچقا، پەسىل ئالامەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پاكار تاغلاردىكى دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلار كۆكىرىپ تۇراتتى. قىزىق يېرى، كىچىككىنە زېمىنغا ئالتە يېرىم مىليون تۇراقلىق ئاھالىنى سىغدۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ تاغلىرىغا ناھايىتى زىچ ۋە ناھايىتى ئېگىز ئىمارەتلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ، ھەتتا 45 گرادۇسلۇق تىكلىكتىكى يانباغىرلارمۇ ئۆز يەلكىسىدە ئاسمانپەلەك بىنالارنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدىكەن. بىنالارنىڭ زىچلىقى، ئېگىزلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيرەتتە قالدۇرىدىكەن. شياڭگاڭدا ھازىر بار بولغان ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ ئېگىزى 68 قەۋەت بولسىمۇ، ھۆكۈمىتىمىز ئۇ يەردە 78 قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىۋېتىپتۇ. بۇ بىنا پۈتسە شياڭگاڭدىكى بىنالارنىڭ ئەڭ ئېگىزى بولۇپ قالىدىكەن.

تولىراقى ياۋروپا پاسونىدا بولغان ئاشۇنداق ئېگىز بىنالار ئارىسىدا تار ۋە ئاۋات كوچىلار تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلۇپ ياتىدىكەن. ئاخشاملىرى رەڭگارەڭ ئېلان چىراغلىرى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان تار يوللار چوڭ - كىچىك ماشىنىلار بىلەن تولۇپ تۇرىدىكەن. ۋاڭ خېنىم بىزگە بۇ شەھەردە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قىممەتلىك ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەنىدىن شياڭگاڭنى غايەت زور بىر ماشىنا ئامبىرى دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. دېمىسىمۇ، شياڭگاڭلىقلار ماشىنىنىڭ سۈپىتىگە، ماركىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىلەر تېخى كۆرۈشكە ئېرىشىپ بولمىغان، ھەر بىرى ئۈچ يېرىم مىليون يۈەن جۇڭگو پۇلىغا توختايدىغان «روسسالس» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن.



ئۇنداقتا، شياڭگاڭدا پىكاپ تىجارىتى، كىرا ماشىنىلىرىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى، باھا ئەھۋالى قانداقراق؟ بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماشىنا ساتىدىغان ماگىزىنلار (ئەمەلىيەتتە 40 - 50 پىكاپ سىغىدىغان چوڭ زال) غا كىرىپ، ماشىنا باھاسى بىلەن تونۇشتۇق ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ماشىنا باھاسى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ماشىنا باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. سېلىشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، شياڭگاڭدا ماشىنا سېتىۋالماق ئاسان، ماشىنىنى باقماق تەس ئىكەن. چوڭ قۇرۇقلۇقتا بولسا، ماشىنا سېتىۋالماق تەس، ماشىنىنى باقماق ئاسانىكەن. مەسىلەن، شياڭگاڭدا پىكاپنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزانىكەن، ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى بەش - ئالتە ئايلىق مائاشىغا ياخشى بىر

پىكاپ سېتىۋالالايدىكەن. بىراق، يول ئاسراش ھەققى، ماشىنا توختىتىش ھەققى، بېنزىن باھاسى قاتارلىقلار يۇقىرىراق بولغاچقا، ماشىنىنى بېقىش ماشىنا سېتىۋېلىشتىنمۇ تەسكە توختايدىكەن.

شياڭگاڭنىڭ ئاممىۋى قاتنىشىدا يەر ئاستى پويىز قاتنىشى، رېلىسلىق تراموۋاي قاتنىشى، سۇ قاتنىشى، قوش قەۋەتلىك ۋە تاق قەۋەتلىك جامائەت ئاپتوبۇسى قاتنىشى، كىرا پىكاپلىرى قاتنىشى ئاساس قىلىنىدىكەن.

يەر ئاستى پويىزى چوڭقۇر دېڭىز ئاستى تۆمۈر يول لىنىيىسى ئارقىلىق شياڭگاڭ ئارىلى بىلەن جيۇلوڭ يېرىم ئارىلىنى تۇتاشتۇرىدىكەن ۋە تەرەپ - تەرەپكە قاراپ سوزۇلىدىكەن. يەر ئاستى پويىز ۋوگزاللىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، ئاپتوماتىك سىرىلما پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ - چىقىدىغان گەپ ئىكەن. ۋوگزال ئىچىدە نەپىس ئىشلەنگەن سودا ئېلانى ماركىلىرى نىئون چىراغ بىلەن يورۇپ تۇرىدىكەن. پويىزغا چۈشۈشتە پارچە بېلەت ۋە 70 – 100 شياڭگاڭ دوللىرىلىق (تۆۋەندە دوللار دېيىلىدۇ) پۈتۈن بېلەت (چوڭ - كىچىكلىكى بىر قارتچىلىك ئېلېكترونلۇق كارتوچكا بېلەت) ئىشلىتىلىدىكەن. بىز شياڭگاڭغا بارغان ھامان ھەر بىرىمىز 70 دوللارلىق پۈتۈن بېلەت ئېلىۋىدۇق، شياڭگاڭ ۋە جيۇلوڭ ئارىسىدا ئون نەچچە قېتىم قاتنىغان بولساقمۇ، بۇ بېلەت يەنىلا تۈگىمىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، رېلىسلىق تراموۋاي بېلەت باھاسى ئەڭ ئەرزان قاتناش قورالى ئىكەن. 10 تىيىنلىق بېلەت ئالسىلا پۈتۈن جيۇلوڭ ئارىلىنى ئارىلاپ چىققىلى بولىدىكەن قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسنىڭ بېلەت باھاسى گەرچە خېلى ئەرزان بولسىمۇ، بىراق، بېكەت نامى ئېلان قىلىنمايدىكەن. سەگەك بولمىغان ياكى شياڭگاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشمايدىغان يولۇچىلار بېكەت ئاتلاپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

بۇ يەردە، شياڭگاڭدىكى ئاساسلىق ئاممىۋى قاتناش قورالى بىلەن كىرا پىكاپلىرى ئۈستىدە ئىككى كەلىمە گەپ قىلمىساق بولماس.

بۇ يەردىكى كىرا پىكاپلىرى ئاساسەن ياپونىيە، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن داڭلىق پىكاپلار ئىكەن. پاك - پاكىز ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچى بار بۇنداق كىرا پىكاپلىرىنىڭ يولۇچى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقىنىڭ ئالدىغا كىرا پىكاپىنىڭ شىركەت تەۋەلىكى، شىركەت دىرېكتورىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى، تېلېفونى، شوپۇرنىڭ ۋە يولۇچىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت دائىرىسى ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا چاپلاپ قويۇلىدىكەن. كىرا پىكاپىنىڭ ھەممىسىدە مۇساپە، پۇل ھېسابلىغۇچ ئەسۋاب بولىدىكەن. ماشىنىنىڭ قوزغىلىش باھاسى ئون دوللار ئىكەن. ئۈچ كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ھەر كىلومېتىرغا ئىككى يېرىم دوللاردىن باھا قوشۇلىدىكەن. دېمەك، شەھەر ئىچىدە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈش ئۈچۈن 27.5 دوللار تۆلىنىدىكەن. مەن بۇ يەردە چاي بىلەن پىشۇرۇلغان بىر تۇخۇمنى بەش دوللارغا، شاڭخەيدە توقۇلغان بىر يىپەك پايپاقنى بەش دوللارغا ۋە پىشۇرۇلغان بىر دانە كۆكباشنى ئون دوللارغا سېتىۋالغىنىم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ باھاسى ھەققىدە كېيىن توختىلىمەن. بۇ باھاغا سېلىشتۇرغاندا، كىرا پىكاپلىرىنىڭ بۇ خىل باھاسىنى يۇقىرى دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە يوللار تار، ماشىنا كۆپ بولۇشىغا قارىماي، قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسلارنىڭ ۋە پىكاپلارنىڭ سۈرئىتى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قاتناش ھادىسىلىرى ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىكەن.

شياڭگاڭ يوللىرىدىكى ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، شياڭگاڭ جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي تۇرمۇش رىتىمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

ھالبۇكى، شياڭگاڭ تۇرمۇش رىتىمى يېقىندىن ئېيتقاندا، بەئەينى پورروقلاپ قايناۋاتقان بىر چوڭ داشقازانغا ئوخشايدىكەن، ئەقەللىيسى، كوچىلاردا پىيادە كېتىۋاتقانلارمۇ خۇددى كەينىدىن ئىت قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئىتتىك ماڭىدىكەن. رېستورانلاردا ئۇلار تاماقنىمۇ خۇددى بىر كىم تارتىۋالىدىغاندەكلا تېز يەۋالىدىكەن. شياڭگاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ كۆرسىتىشلىرىگە قارىغاندا، ئوخشاش بىر ئەمگەكچىنىڭ شياڭگاڭدا ئوخشاش خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپىدىغان پۇلى چەت ئەللەردىكىدىن بىرەر ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، يەنە بەزى كىشىلەر كانادا قاتارلىق چەت مەملىكەتلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار دەل شياڭگاڭدىكى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكىدىن قاقشايدىكەن.

## 4. سېرىق نەرسىلەر، قىزىل چىراغ ۋە باشقىلار

بىز بۇ يەردە گەپنى يەنىلا بىز كۆپ كۆرۈپ كەتكەن ۋە كۆرۈۋاتقان شياڭگاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە

www.uyghurkitap.com

فىلىملەرنىڭ بىزدە قالدۇرغان تەسىراتلىرىدىن باشلايمىز. بۇنداق فىلىملەرنىڭ سۈرەتلىنىشىچە، شىياڭگاڭ كوچىلىرى ناھايىتى قاراڭغۇ ۋە خۇنۇك، قاش - كۆزلىرىنى بويىۋالغان يېرىم يالىڭاچ، ئەركە - نايناق پاھىشە ئاياللار دوقمۇش - دوقمۇشلاردا مارىلاپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇچرىغانلا ئەر كىشىگە تولغىنىپ، سۈركىلىپ ناز قىلىدۇ ۋە ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سۆرەيدۇ، ئاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق ياكى قان تۆكۈشلەر باشلىنىپ كېتىدۇ...

بىراق بىز ئالتە كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن 30 - 40نى ئايلىنىپ چىقتۇق، كەچلەردە، ھەتتا يېرىم كېچىلەردىمۇ خېلى چەت، قاراڭغۇ كوچىلاردىن ئۆتتۇق. قايسىبىر دوقمۇشتىن ئاشۇنداق ئاياللار چىقىپ بىزنى تۇتۇۋالارمىكىن، دەپ كۆزلىرىمىز ئالاق - جالاق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. بىزنى تەۋەنلىك دەپ ئويلاپ قالغان بىر ئەركەك ئالدىمىزغا كېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان - ئاچمايدىغانلىقىمىز ھەققىدە سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بىر ساقچى تەرىپىدىن ھەيدىۋېتىلدى. جيۇلۇڭ - بىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانا جايلاشقان جاي. ئۇ، شىياڭگاڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئاھالىسى تۇرىدىغان، سودا رايونى ھېسابلىنىدىغان ئەڭ قايناق يەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە پاھىشىخانا ياكى تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان سېرىق خىزمەت قىلىش ئورۇنلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېچىشقا بولمايدىكەن. بىزگە نامى تونۇشلۇق بولغان قىزىل چىراغ رايونى جيۇلۇڭنىڭ ۋاڭجياۋ دېگەن يېرىدىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقتا جايلاشقانىكەن. بىز ئۇ يەرگە يېقىن باردۇق، لېكىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلارنىڭ ئېيتىشىچە، شىياڭگاڭ قانۇنى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە مۇخالىپ كەلمەيدىغان، لېكىن بىز ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان بەزىبىر ئەسكىلىكلەر، رەزىللىكلەر ئەنە شۇ يەردە يۈز بېرىدىكەن.

بىز ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدىن شىياڭگاڭدا سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلدۇق. بۇنداق تازىلاش كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي رەزىللىك ۋە قانۇنسىز قىلمىشلارنى پۈتۈنلەي تازىلاپ تاشلاشقا ئامالسىز بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سېرىق نەرسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلىۋالدۇق.

بىز چوڭ قۇرۇلۇقتا، يالىڭاچ ئەر - ئاياللار سۈرىتى ۋە بەزى شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەر شىياڭگاڭنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىنىۋېرىدىكەن ۋە بازاردا سېتىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بىز بۇنداق پاراڭلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باقماق بولۇپ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان كىتاب - ژۇرنال يايمىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتتۇق. ھەر كۈنلۈك سانى 20 - 30 بەت چىقىدىغان گېزىتلەردىمۇ، تىزىپ قويۇلغان كىتاب - ژۇرناللاردىمۇ بۇنداق بەتبەشىرە - رەسۋا سۈرەتلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆرمىدۇق. پەقەت كەچ سائەت 10 - 11 لاردىلا تار كوچىلاردىكى كىتاب - ژۇرنال يايمىلىرىدا يالىڭاچ ئاياللارنىڭ سۈرىتى بېسىلغان ژۇرناللار پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. لېكىن سوراپ كۆرسەك، بۇنداق ژۇرناللارنىڭ باھاسى 150 - 200 دوللارغا سېتىلىدىكەن. بۇنچىلىك ساندىكى پۇلنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك؟ 150 دوللارغا شىياڭگاڭ بازارلىرىدا بىرەر فوتو ئاپپارات ياكى ئالتە دانە «كوداك» ماركىلىق فوتو پىلىونكا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. بىلەرمەنلەردىن سوراپ كۆرۈۋىدۇق، بۇنداق ژۇرناللار تىجارەت خاراكتېرىدە بېسىلىدىكەنۇ، كۈندۈزلىرى ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا سېتىشقا بولمايدىكەن، پەقەت ئاخشاملىرىلا كىتاب يايمىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.

بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا شىياڭگاڭ تېلېۋىزىيىسىگىمۇ دىققەت قىلدۇق. تېلېۋىزىيە قاناللىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق قانالدا جىنسىي قوزغىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاشكارا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمىدۇق. كۆزگە ئانچە سىغىپ كەتمەيدىغان بەزى كۆرۈنۈشلەر بار فىلىملەرنى قويغاندا، بالىلارنىڭ كۆرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى ئالدىنئالا ئەسكەرتىلىدىكەن. سىملىق تېلېۋىزىيە خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىملىق تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى مېھمانخانىلاردا كۆرسىتىش مەنئىي قىلىنىدىكەن. يامان كۆرۈنۈشلەر بار فىلىملەر سىملىق تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلەمدۇ - يوق، بۇنى بىلەلمىدۇق.

بىراق، يۈزەكى كۆزىتىشلىرىمىز ۋە

ئاڭلىغانلىرىمىزغا قارىغاندا، ياش - ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى شىياڭگاڭدا كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ خاس ئىللىتى سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ. شىياڭگاڭ گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شىياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ھاراق ئىچىدىغانلار %60كە يېتىدىكەن، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھاراق ئىچىشنى سەبىي چاغلىرىدىلا باشلىۋېتىدىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا، تۇلۇم شەكىللىك بوغچا ئاسقان كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ (14 ـ 17 ياش ئارىسىدا) «چاڭچېلىخانا» دەيدىغان زالغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىغاندۇق. كېيىن خەۋەر تېپىشىمىزچە «چاڭچېلىخانا» دېيىلىدىغان زاللار سېرىق كىنولار قويۇلىدىغان مەيدان ئىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا «مۇنچىدىكى ئايال» دېگەن كىنو ئېلانى چاپلىنىپتۇ.

مەشھۇر سەيلىگاھ ـ جيەنشازۇي ئەنە شۇنداق تۇلۇمسىمان بوغچا ئېسىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ «پائالىيەت» ئېلىپ بارىدىغان جايى ئىكەن. بىز ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە بوغچا ئاسقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ يەرگە توپ - توپى بىلەن كېلىپ، تۈن تەڭ بولغاندىمۇ بۇ يەردىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شىياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كېچىسى ئۆيىگە قايتمايدىغانلار خېلى سالماقنى ئىگىلىسە كېرەك. ئۇلار بىر ئوغۇل، بىر قىز ياكى ئوغۇللار بىر توپ، قىزلار بىر توپ بولۇۋېلىپ چىراغلار ئىنتايىن خىرە بولغان دېڭىز بويلىرىدىكى مېتال رېشاتكىلارغا يۆلىنىۋېلىپ ياكى مىنىۋېلىپ مۇھەببەتلەشكەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشىدىكەن. بۇنداق كۆزگە سىغمايدىغان ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شىياڭگاڭدا ئۈچىنچى دەرىجىلىك (سېرىق) فىلىملەرنى كۆرسىتىدىغان كىنوخانىلاردا بىر مەيدان كىنو بېلىتىنىڭ باھاسى 40 دوللارغا توختايدىكەن.

## 5. تۇرالغۇ ۋە ساياھەتچىلىك

ئالقانچىلىك يەر ئالقانچىلىك ئالتۇن بىلەن باراۋەر بولغان بۇ شەھەردە ئۆي - مۈلۈك تىجارىتى ئەڭ پۇللۇق تىجارەت ھېسابلىنىدىكەن. شىياڭگاڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا، رادىئو - تېلېۋىزىيىسىدە ئۆي - مۈلۈك تىجارىتى ئېلانلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. نەپىس ئىشلەنگەن ئۆي - مۈلۈك ئېلانلىرى ھەتتا كوچىلاردىمۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇلىدىكەن. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بازار ۋە ئەركىن پورت ھېسابلىنىدىغان بۇ شەھەردە قاياققىلا قارىسا، كۆزگە چېلىقىدىغىنى يەنىلا مېھمانخانا، رېستوران ئىكەن. پۇلدارلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردىن تارتىپ، بىر بىنانىڭ بىرەر قەۋىتىنى ئىگىلەيدىغان مېھمانخانىلارغىچە بار ئىكەن. بىز چۈشكەن جەنۇب - شىمال مېھمانخانىسى جيۇلۇڭنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسىدە بولۇپ، 14 قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئايرىم لىفىت بىلەن چىققىلى بولىدىغان 8 - قەۋىتىگە جايلاشقانىكەن. ياتاق ئۆي كىچىك بولۇپ، پەقەت تار كەلگەن ئىككىلا كارىۋات بىلەن بىر ئۈستەلنى سىغدۇرالىسىمۇ، لېكىن ھاۋا تەڭشىگۈچى، تېلېفونى، تېلېۋىزورى بار ئىكەن. كىچىككىنە تازىلىق ئۆيىمۇ ئىنتايىن پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپتۇ. بىز ھېچقانداق يۇلتۇز دەرىجىسى بولمىغان، ئوتتۇرا - تۆۋەن سەۋىيىگە ياتىدىغان بۇ ياتاقنىڭ بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر كارىۋاتقا 400 دوللار تۆلىدۇق. تېخى بۇ باھا بىزگە ئېتىبار قىلىنغان باھا ئىكەن. بۇنىڭغا قاراپ، يۇلتۇز دەرىجىسىگە ئىگە چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ بىر ئۆيى (شىياڭگاڭ مېھمانخانىلىرىدا بىر كارىۋاتنى ئايرىم ساتمايدىكەن) قانچە پۇلغا توختايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بىز بىر كۈنى ساياھەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىياڭگاڭدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شىياڭگاڭ مېھمانخانىلىرى ھەر قانداق ئېكسكۇرسىيەچىنى خالىغانچە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا يول قويىدىكەن. بىز چوڭ زالغا كىرگىنىمىزدە، ئۇ يەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئوركېستىر رىتىملىق بىر كلاسسىك مۇزىكىنى لەرزان ئورۇنداۋېتىپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ماگىزىندا قىممەت باھالىق ماللار سېتىلىدىكەن. ھەر خىل مۇلازىمەت تۈرلىرى، سىستېمىلاشقان بۇنداق مېھمانخانىلاردا مىلياردلاپ بايلىقنىڭ ئىگىلىرىلا تۇرالايدىكەن.

ساياھەتچىلىك ـ شىياڭگاڭ ئىقتىسادىنى يۆلەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بۇنىڭغا مۇناسىپ، ساياھەت ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپتۇ. ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئىكەن. ئۇ يەردە، ئۆمەك بولۇپ ئويۇشقان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان چوڭ شىركەتلەر بولۇپلا قالماي، ئادەتتىكى

ساياھەتچىلەرنى كۈتىدىغان كىچىك ساياھەت شىركەتلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىز شياڭگاڭغا بېرىپلا، بىز چۈشكەن مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر كۈنلۈك ساياھەت ئۆمىكىگە قاتناشتۇق ۋە ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىلا بىزنى ئالغىلى كەلگەن يېپيېڭى ياپون مىنىبۇسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بىر تاغ چوققىسى، ئىككى باغچا، بىر دېڭىز ساھىلى، ئىككى ماگىزىن، بىر زىبۇ زىننەت كارخانىسىنى ئېكسكورسىيە قىلدۇق. ساياھەت داۋامىدا شياڭگاڭ ئارىلى بىلەن جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان دېڭىز ئاستى يولىدىنمۇ كېسىپ ئۆتتۇق. چۈشلۈك تاماقنى ساياھەت شىركىتى مەسئۇل بولۇپ، بىزنى دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدىغان بىر ھەشەمەتلىك رېستوراندا غىزالاندۇردى.

ساياھەتچىلەرنى باشلاپ ماڭىدىغان خادىمدىن تارتىپ شوپۇرغىچە ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيە بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن. كىچىك قول كانىيى ئارقىلىق توختىماي سۆزلەپ يول بويىدىكى ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدىكەن. مەن شۇ كۈنلۈك ساياھەتتە يول باشلىغۇچىنىڭ بىز بىلەن بىللە ساياھەت قىلىۋاتقان ھىندونوزىيىلىك بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ كۆڭۈللۈك ساياھەت فىلمىنى كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ بوۋاق ھارۋىسىغا ياتقۇزۇلغان بالىسىغا خالىس قاراپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئەر - خوتۇننىڭ بالىسىنى يول باشلىغۇچىغا تاشلاپ بېرىپ يىراقلاردا تاماشا قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. يول باشلىغۇچى ھېلىقى ساياھەتچىلەردىن چاي پۇلى ئالامدۇ، يوق دەپ خېلى يەرگىچە كۆزىتىپ باققان بولسامۇ، ئۇنىڭ پۇل ئالغىنىنى كۆرمىدىم.

بىر كۈنلۈك ساياھەتنىڭ مەزمۇنى خېلى مول بولدى، شۇ جەرياندا كەم دېگەندە بىرەر يۈز دوللارلىق يول يۈرۈدۇق، بىرەر يۈز دوللارلىق تاماق يېدۇق. ئادەتتە ئىشىك بېلىتى ئۈچۈن 150 دوللار ئالىدىغان «دېڭىز - ئوكيان باغچىسى» دىمۇ تاماشا قىلدۇق. شۇڭا بىز بىر كۈنلۈك ساياھەت ئۈچۈن تۆلىگەن 390 دوللارغا رازى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئەسلىدە بىز شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئېگىز بىر تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىلغانىدۇق. ئۇ يەردە ساياھەت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئوخشايدىغان، بىز بىلەن مىنىبۇستا بىللە كەلگەن بىر قىز بىزنى ئايرىم - ئايرىم ۋە ئۇپچە سۈرەتكە تارتىۋالغانىدى. بىز تاغدىن چۈشكەن ھامان ھېلىقى قىز نەگىدۇر يوقالدى. بىزمۇ بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلماپتۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىز پۈتۈن ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بىر چوڭ ماگىزىن ئالدىدا ماشىنىغا چىقىشىمىزغا ھېلىقى قىزنىڭ يەنە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ قىز ۋە يول باشلىغۇچى ھەر بىرىمىزگە بىر پارچىدىن چوڭايتىلغان ئۇپچە سۈرەت بىلەن ئوتتۇرىسىغا ئۆزىمىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىردە چوڭلۇقىدىكى بىردىن تەخسىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە بۇلار ئۈچۈن 110 دوللار تاپشۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىراق بۇلار ناھايىتى تەبىئىي ۋە ئەدەب بىلەن ئورۇنلاندى. بىر پارچە ئۇپچە سۈرەت (بىر كۈنلا بىللە بولغان بۇ چەت ئەللىك كىشىلەر بىلەن بەلكى ئۆمۈرۋايەت كۆرۈشمەسمىز) بىلەن بىر دانە تەخسە ئۈچۈن 110 دوللار تۆلەشكە قورسىقىمىز ئاغرىغان بولسىمۇ، بۇ پۇلنى بەربىر تۆلىمەي بولمىدى. پاراڭ داۋامىدا ھېلىقى سۈرەتچى قىزنىڭ شياڭگاڭ داشۆسىدە ئوقۇيدىغانلىقى، ساياھەت شىركىتى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن پۇل تېپىپ ئوقۇش راسخوتىنى قامدايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. رازىلىقىمىزنى ئالماي تۇرۇپلا سۈرىتىمىزنى تەييارلاپ قىممەت باھادا پۇل ئوندۇرۇۋالغان بۇ كىشىلەرگە نەپرەت بىلدۈرگەچ، ياتىقىمىزغا قايتىپ كەتتۇق.

## 6. شياڭگاڭدا تىجارەت ۋە مال باھاسى

شياڭگاڭ دۇنياۋى چوڭ سودا شەھىرى بولغاچقا، سودا- تىجارەت ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. سودا رايونى ھېسابلىنىدىغان جيۇلۇڭدا (شياڭگاڭ ئارىلىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت بىنالىرى، چەت ئەلنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى جايلاشقانىكەن) قەيەرگە قارىماڭ، كۆزگە چېلىقىدىغىنى ساپلا چوڭ - كىچىك سودا دۇكانلىرى ئىكەن. سودا مەيدانى، سودا مەركىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر چوڭ ماگىزىننى ئايلىنىشقا يېرىم كۈنچە ۋاقىت كېتىدىكەن. كىچىك دۇكانلارغا بولسا بىر مال ئىشكاپى بىلەن بىر نەپەر مال ساتقۇچى ئارانلا سىغىدىكەن. شياڭگاڭلىقلار ئاچقان ماگىزىن - دۇكانلاردىن ئۆزگە،

www.uyghurkitap.com

ياۋروپالىقلار، ھىندىلار، ياپونلار، پاكىستانلىقلار ئاچقان دۇكانلارمۇ كۆپ ئىكەن. بەزىدە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كېلىپ ئاچقان جۇڭيىچە دورا ماتېرىياللىرى دۇكىنى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇق مېلى (ئاساسەن گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى) نى ساتىدىغان ماگىزىنلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن. مەخسۇس چوڭ قۇرۇقلۇق ماللىرىنى ساتىدىغان ئەڭ چوڭ ماگىزىن - «يۇخوا دۆلەت ماللىرى ماگىزىنى» جيۇلۇڭنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ماگىزىن دەسلەپكى چاغلاردا مەخسۇس چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مېلى بىلەنلا تىجارەت قىلاتتىكەن.



تىجارىتى تازا يۈرۈشۈپ كەتمىگەنلىكتىن، كېيىنچە چەت ئەل ماللىرىنىمۇ ساتىدىغان بوپتۇ. مەن بۇ ماگىزىندىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىر قۇر شىم - كاستۇمنى 2مىڭ 240 دوللارغا (2 مىڭ 400 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) سېتىۋالدىم.

شياڭگاڭ سودىسىدا مۇنۇ تەرەپلەر ئالاھىدە نەزەرگە تاشلىنىدىكەن:

1. مەيلى ھەشەمەتلىك سودا سارايلىرىدا بولسۇن ياكى ھېلىقىدەك كىچىك دۇكانلاردا بولسۇن. مال ساتقۇچىلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ماختىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىكەن. سىز ماگىزىنغا كىرگەن ھامان ئۇلار دەرھال يېنىڭىزغا كېلىپ سىز بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالاملىشىدىكەن - دە، نېمە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز شۇ مال تۈرىنى سىزگە ئەستايىدىل تونۇشتۇرىدىكەن. قىزغىن مۇلازىمەت شەكلى بىلەن سىزنى مال سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدىكەنۇ، مال سېتىۋالمىسىڭىزمۇ قايتا كېلىشىڭىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. زىبۇ زىننەت ماگىزىنلىرىدا بولسا، ئەينەكتىن ياسالغان پەشتاختىدا ئالدىغا خېرىدارلار ئۈچۈن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ماگىزىنغا كىرىپ كەلگەن خېرىدار ئالدى بىلەن ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىنىدىكەن. خېرىدار ئۇلار تۇتقان ئۇسسۇزلۇقنى ئىچكەچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سودىلىشىدىكەن. بەزى چوڭ ماگىزىنلاردا ھەر بىر قەۋەتتە بىردىن مەخسۇس چوڭ بۆلمە تەييارلانغان بولۇپ، بۇنداق بۆلمىلەردە بىر قانچە ئۈستەل ۋە سافا بولىدىكەن. دەم ئالماقچى بولغان خېرىدار بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن - دە، پىرەنىك ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئىچىملىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا بۇنداق ئورۇنلارنىڭ ئاساسەن بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۈشىنەلمەي قالدۇق.

2. چوڭ ۋە ئوتتۇرا (بەزىدە كىچىك) ماگىزىن-دۇكانلاردا مەخسۇس مال ساتقۇچى بولمايدىكەن. ھەممە ماللارنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى باغاقچىسى چاپلاقلىق ئىكەن. خېرىدار ماگىزىنغا كىرىپلا قول ھارۋىسى، خالتا ياكى سېۋەتنى ئېلىپ مالنى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىكەن - دە، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ھېسابلىشىدىكەن. بەزى ماگىزىنلاردا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆزىتىش سىستېمىسى بولىدىكەن، بەزىلىرىدە بولمايدىكەن. بىز يەنە ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر ماگىزىنىدىمۇ قاتار تىزىپ قويۇلغان، ھەر بىرى نەچچە ئون مىڭ دوللارغا يارايدىغان ئالماس، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنىمۇ خېرىدارلارنىڭ ئەركىن تاللاپ سېتىۋېلىۋاتقىنىنى، سائەت دۇكانلىرىدىمۇ شۇنداق شەكىلدە تىجارەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ماگىزىن خوجايىنلىرىنىڭ خېرىدارلارغا نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئىشىنىدىغانلىقىغا ھەيران بولدۇق ۋە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدۇق. چۈنكى ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان بۇنداق ماگىزىنلاردا تەجرىبىسىز ئوغرىمۇ بىرەر تال ئۈزۈكنى ھېچ كۈچىمەيلا سوقۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىكەن.

3. ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىمۇ ئېيىغا 10 مىڭ دوللار مائاش ئالالايدىغان بۇ شەھەردە يۇقىرى ئىستېمال يۈرگۈزۈلگەچكىمۇ، مال باھاسى خېلىلا

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقىرى ئىكەن. چوڭ قۇرۇقلۇق بازىرىدا 1000 يۈەنگە توختايدىغان بىر قۇر ئاياللار كىيىمى بۇ يەردە تۆت - بەش مىڭ يۈەنگە سېتىلىدىكەن. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىكەن، ماشىنا، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزانىكەن. مەسىلەن، ئۆرۈمچىدە ئەينى چاغدا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «Panasonicm25» ماركىلىق تېلېۋىزورنىڭ باھاسى 7500 يۈەن ئەتراپىدا تۇراتتى. ئۇ يەردە پەقەت 4000 يۈەن خەلق پۇلىغا (سودىدا خەلق پۇلىنىمۇ ئېلىۋېرىدىكەن، بىراق 1.25 يۈەننى بىر شياڭگاڭ دوللىرىغا سۇندۇرىدىكەن. سۇندۇرۇش باھاسى كۈنگە مىڭ ياڭزا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن) بۇنداق تېلېۋىزورنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. تويغۇدەك بىر ۋاقلىق غەربچە تاماق يېسىڭىز (ئىككى چۆجە كاۋىپى، بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ، تۆت قوشۇق خام كۆكتات، بىر پىيالە قەھۋە) 80 - 90 دوللار تۆلەيدىكەنسىز. چايدا پىشۇرۇلغان بىر توخۇم بەش دوللار ئىكەن. ياخشىراق بىر قاچىلىق تەييار چۆپنىڭ باھاسى 14 دوللار ئىكەن. قىزىق يېرى، بىر ئاخشىمى كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر كىشىنىڭ پىشۇرۇلغان كۆكباش سېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە قىزىقسىنىپ بىر تال سېتىۋالماقچى بولدۇم. كىم بىلسۇن، ئۆرۈمچى كوچىلىرىدا سېتىلىدىغان كۆكباشتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بىر تال كۆكباشنى ئون دوللار تۆلەپ سېتىۋالدىم.

بىراق، سانائەت ماللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەكنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدىغان باھا ئەمەسكەن. باھا كارتوچكىسى-دا ناھايىتى يۇقىرى باھا يېزىلغان بىلەن جۇڭگوچە باھا تالاشقاندا 30%، 40%، ھەتتا 50% چۈشۈرگىلى بولىدىكەن. داڭلىق ماركىلارنىڭ بولسا باھاسى تۇراقلىق بولىدىكەن، ھەر قانچە تالاشقان بىلەنمۇ بىكار ئىكەن.

4. ئالىي دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلار بىلەن ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان دۇكانلار رايون تەرىقىسىدە ئايرىپ تاشلىنىدىكەن. جيۇلۇڭدىكى جيەنشازۈي ئەتراپلىرىغا ئالىي دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان ماگىزىنلار مەركەزلەشكەن بولسا، يەر ئاستى پويىز بېكىتى بويىچە ھېسابلىغاندا تۆت بېكەت نېرىسىغا جايلاشقان ۋاڭجياۋ، يۇمادى ئەتراپلىرىدا ساپلا ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ماللار سېتىلىدىغان كىچىك دۇكان ۋە يايمىلار مەركەزلەشكەنىكەن. بۇنداق دۇكان - يايمىلاردا مودىدىن قالغان ماللار، يالغان ماركا چاپلانغان ناچار ماللار، يەر ئاستى زاۋۇتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ماركىسى يوق ماللار سېتىلىدىكەن. بۇنداق ماللارنىڭ باھاسى خېلىلا ئەرزان بولغاچقا، نامراتراق كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىدىكەن، بەزى ئاق تەنلىك، قاراتەنلىكلەرمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى ماللار چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە يېقىن تۇرىدىغىنى ئۈچۈن، چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن. بىزمۇ بۇ بازاردىن (نامدا «ئاياللار بازىرى» دېيىلىدىكەن) كۆڭلەك، مايكا، سومكا دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق.

5. شياڭگاڭ بازارلىرىدا سېتىلىدىغان مېۋە - چېۋىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، باھاسىنىڭ قىممەتلىكى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسا كېرەك. شياڭگاڭنىڭ ئۆزىدىن مېۋە چىقمىغان بىلەن بۇ يەردە مېۋە - چېۋىنىڭ ھەر قاندىقى تېپىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېخىدىن ئەمدىلا ئۈزۈلگەندەك سۈپەتلىك، يېڭى ئىكەن. ئىراقنىڭكىمىكىن دەپ پەرەز قىلدۇق، بىر ئانارغا 20 دوللار باھا قويۇلۇپتۇ، بىر قوغۇن 100 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ئالمىنىڭ بىرى بەش دوللارغا سېتىلىدىكەن. قارا ئۈزۈمنىڭ بىر جىڭى 20 نەچچە دوللار ئىكەن. ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى، بىر يايمىغا كورلا نەشپۈتى ۋە تيەنجىن يالى نەشپۈتىنى بىر دۆۋە - بىر دۆۋىدىن دۆۋىلەپ قويۇپتۇ، بىر دۆۋىسىنىڭ باھاسى ئون دوللار ئىكەن. بىر دۆۋىسىدە كەم دېگەندىمۇ ئۈچ كىلوگرام نەشپۈت بار ئىكەن. بۇ باھانى ئۆرۈمچىدە سېتىلىۋاتقان باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ خېلىلا ئەرزان دېگەن گەپ. بۇ سودىدا شياڭگاڭ سودىگەرلىرى زىيان تارتىۋاتامدۇ ياكى بىز زىيان تارتىۋاتامدىمىز، بىلگىلى بولمايدۇ.

شياڭگاڭ بازارلىرىنى .قامدىغان سەي - كۆكتاتلارنىڭ 90%تى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلتۈرۈلگەچكىمۇ، باھاسى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بىز سەي - كۆكتات بازىرىنى مەخسۇس ئىزدەپ بېرىپ باھا بىلەن تونۇشتۇق ۋە بۇ خۇلاسىنى چىقاردۇق.

بىز تونۇشقان باھا ۋە ئىستېمال سەۋىيىسى ۋاڭ خېنىمنىڭ «ئەقەللىسى ھەر ئايدا 10 مىڭ

دوللارلىق مۇقىم كىرىمى بولمىغان ئادەم شياڭگاڭدا ياشايمەن دېمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلىيالايدىكەن.

## 7. جيەنشازۇي، دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسى ۋە باشقىلار

ھەر كۈنى تۈن پەردىسى يېيىلىشى بىلەن تەڭ جيۇلوڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان جيەنشازۇي رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى بىلەن جەننەتتەك گۈزەل ۋە سىرلىق تۈسكە كىرىدىكەن. ئالاھەزەل ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتىكى دېڭىز سۈيى يۈزىدە چىراغ ۋە ئېلان چىراغلىرىنىڭ نۇرى جىلۋە قىلىدىكەن. دېڭىزنىڭ قارشى تەرەپ قىرغىقىدىكى تاغ ۋە تاغ باغرىدىن تارتىپ تاغ چوققىسىغىچە زىچ جايلاشقان بىنالارنىڭ چىراغلىرى كۆزگە ئېنىق تاشلىنىدىكەن. دېڭىز يۈزىگە شولا تاشلاپ تۇرغان غايەت زور ئېلان چىراغلىرى يىراق ـ يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ئېلانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياپونىيىنىڭ «سونىي»، «ھىتاچى»، «پاناسونىك»، «فۇشى»، «كونىكا» قاتارلىق مەشھۇر ماركىلىرى ئىگىلەيدىكەن. ئامېرىكىنىڭ «كوداك» قاتارلىق ئېلانلىرى ۋە ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئېلانلىرىمۇ ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ «999» ئېلانى مىڭلىغان ـ يۈزمىڭلىغان چەت ئەل ئېلانلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتا يورۇپ تۇرۇپتۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ بىردىنبىر ئېلان چىرىغىمۇ ئۆتكەن يىلى ئورنىتىلغانىكەن. بۇنىڭدىن جيەنشازۇيدە رايوندا بىر كىشىلىك ئېلان ئورنى ئىگىلەشنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلغا توختايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق سودا ئېلانى مەركىزى ۋە كېچىلىك سەيلە مەركىزى بولغان بۇ جايدا كۈندۈزلىرى ئانچە كۆپ ئادەم بولمايدىكەن. كەچ كىرىشى بىلەن تەڭلا شياڭگاڭ ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەر بولۇپ، توپ ـ توپ كىشىلەر بۇ يەرگە قاراپ ئاقىدىكەن. دېڭىز بويىدىكى مەرمەر تاش يېيىتىلغان تەكشىلىككە جايلاشتۇرۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن، مېتال رېشاتكا يېنىدىن ئورۇن ئېلىشىپ، ئىچىملىك ئىچىدىغانلىرى ئىچىملىك ئىچىشىدىكەن، سۈرەتكە چۈشىدىغانلىرى سۈرەتكە چۈشىدىكەن، مۇھەببەتلىشىدىغانلىرى بىمالال مۇھەببەتلىشىۋېرىدىكەن. بىز ھەر ئاخشامنى دېگۈدەك جيەنشازۇيدە ئۆتكۈزدۇق. كەچ سائەت 9 ـ 10 لاردا، كېچە سائەت بىر ـ ئىككىلەردە كېلىپ ياتتۇق. نەتىجىدە، تاكى تاڭ يورۇغىچە بۇ يەردىن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆردۇق.

بۇ قولتۇقنىڭ تەكشىلىكىدە كىچىك ـ كىچىك يۆتكىمە دۇكانلار ۋە تەييار تاماق ساتىدىغان بوتكىلار بار ئىكەن. لېكىن بۇ يەردە كېچىلىرى سېتىلىدىغان ماللار كۈندۈزلۈك بازار باھاسىدىن خېلىلا ئۆرە بولىدىكەن. مەن كۈندۈزلۈك بازاردا 20 دوللارغا سېتىلىدىغان «كوداك» ماركىلىق بىر فوتو پلىيونكىنى كېچىسى بۇ يەردىن 30 دوللارغا سېتىۋالدىم.

«دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسى» نى شياڭگاڭدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدىكەن. شياڭگاڭ ئارىلىدىكى كىچىكرەك كەلگەن بىر قۇرۇقلۇق باغچىسىدىن قالسا، بۇ باغچا يەنە بىر ئىستىراھەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئوكيان باغچىسى تاغ ۋە دېڭىزنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ بەرپا قىلىنغان بولۇپ، شياڭگاڭ زېمىنى بىلەن نىسبەتلەشتۈرگەندە كۆلىمىنى كىچىك دېگىلى بولمايدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ باغچىنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىتمۇ ئازلىق قىلىدىكەن. باغچىنىڭ نامى باغ بولغان بىلەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى باغچا بىلەن ئۇقۇم جەھەتتىن زور پەرقلىنىدىكەن. باغچىنىڭ نامىغا لايىق دېڭىز ـ ئوكيان بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنىكەن. مەيلى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بولسۇن ياكى ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ كارامەتلىرى بولسۇن، ھەممىسىدە دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىكەن. ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىشلەنگەن زاللارغا دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى قويۇلۇپتۇ. يىرتقۇچ سۇ ھايۋىنى بولغان لەھەڭنى تونۇشتۇرىدىغان يەر ئاستى كارىدورىنىڭ ئاغزىمۇ يوغان بىر لەھەڭنىڭ ئاغزىغا ئوخشىتىلىپتۇ. لەھەڭلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ يېتىلگەنگە قەدەر بولغان تىرىك ئەۋرىشكىلەر پولات ئەينەك ئىچىگە قويۇلغان. بۇ كارىدورغا كىرگەن ھامان لەھەڭنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن ۋە كىشىنى ئىختىيارسىز سۈر بېسىپ كېتىدىكەن.

دېڭىز بىلەن تاغ تۇتاشقان تىك يارلىقتا يول ياساش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئاسما كاجۇۋا (سېۋەت) يولى ياسىلىپ، پۈتۈن باغچا تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. بولۇپمۇ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئوينىتىلىدىغان يۇنۇس بېلىقى ۋە دېڭىز شىرى ئويۇنى ساياھەتچىلەرنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىكەن. بۇ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئەقلىگە ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئادەم ھەيران قالىدىكەن.

بۇ باغچىدا يەنە ھازىرقى زامان پەن ـ

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئاسمان شوتىسى، ئاسمان چاقپەلىكى، موللاقچى ماشىنا، ئەگرى رېلىسلىق ۋاگون قاتارلىق ئويۇن جاھازلىرى بار ئىكەن، باللارمۇ، چوڭلارمۇ كۆڭۈل ئېچىپ، قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلەر بىلەن نېرۋىلىرىنى غىدىقلايدىكەن.

باغچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر تاغ جىراسىغا ناھايىتى چوڭ بىر تور ياسىلىپ، تور ئىچىگە تۈرلۈك - تۈمەن قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆلگىسىنى قويۇۋېتىپتۇ. سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بۇ چەكلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا قۇش ۋە ھايۋانلار تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدىكەن. ساياھەتچىلەر مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا تور ئىچىگە كىرىپ، ھايۋان ۋە قۇشلار بىلەن بىللە تاماشا قىلالايدىكەن.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ باغچىنىڭ ئىشىك بېلىتى قىممەترەك (150 دوللار) بولغان بىلەن، چوڭ ئىشىكتىن كىرىپلا كەتسىڭىز قانداق زالنى ئېكسكورسىيە قىلماڭ ۋە ئاسما كاجۇۋىغا چۈشۈپ بىرەر - ئىككى كىلومېتىرچە يول يۈرمەڭ، سىزدىن قايتا پۇل ئالمايدىكەن. ھەتتا سېلىنغان مەبلەغ ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن بولغان ئويۇنخانىدا يۇنۇس بېلىقىنىڭ ئويۇنىنى كۆرسىڭىزمۇ پۇل ئالمايدىكەن. بۇ تەرىپى ھەر بىر ئىشىكتە پۇل تاپشۇرىدىغان چوڭ قۇرۇلۇق باغچىلىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىكەن.

مەن شياڭگاڭغا بېرىشتىن بۇرۇن، قايسىدۇر بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس فىلىم پروگراممىسىدا چوڭ قۇرۇلۇقنىڭ مۇھىت ئاسراش، شەھەر قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسلىرى شياڭگاڭغا بېرىپ، شياڭگاڭدىكى ھاجەتخانىلار ئۈستىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، دېگەن بىر خەۋەرنى كۆرگەنىدىم. مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەردىكى ھاجەتخانىلارغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىكەن.

مەن شۇ تەسىراتنىڭ تۈرتكىسىدە شياڭگاڭنىڭ يول بويلىرى، باغچىلار، ئاممىۋى سورۇنلىرىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى خېلى تەپسىلىي كۆزەتتىم. ئەھۋال خۇددى ھېلىقى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يەكۈنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. شەھەرنىڭ قەيىرىدە بولمىسۇن، ھاجەتخانىلار كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىكەن، كېچىلىرى رەڭلىك چىراغ بىلەن يورۇتۇلىدىكەن. ھاجەتخانا ئىچى بولسا ئاساسەن داتلاشماس پولات ماتېرىياللىرى ۋە نەپىس ئىشلەنگەن چىنە خىشلار بىلەن ياسىلىدىكەن. يورۇتۇش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغانلىقى ئۈستىگە، سېسىق پۇراقنى تۈگىتىدىغان، مىكروب ئۆلتۈرىدىغان دورا قويۇلىدىكەن. خۇددى مېھمانخانىلارنىڭكىدەك ئاپئاق قول يۇيۇش داسلىرى، قول قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئورنىتىلغانىكەن، قول يۇيىدىغان سۇنىڭ جۈمىكى پۈت ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىكەن. بىر ئورۇن ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولغان ھاجەتخانىلار مەسىلىسى مانا مۇشۇنداق ياخشى ھەل قىلىنىپتۇ. شياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىگە سالىدىغان مەبلىغى چوڭ قۇرۇلۇق بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## 8. ۋەتەنگە تەلپۈنگەن يۈرەكلەر

بىز تىل مەسىلىسى ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى، شياڭگاڭ ئاھالىلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە پاراڭلىشالمىدۇق، لېكىن شياڭگاڭ خەلقىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغان ئاشۇ ئەھمىيەتلىك پەيتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى ئۆز - ئۆزىدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز شياڭگاڭدا چىقىدىغان بەزى گېزىتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى سانىنىڭ ئەڭ بېشىغا رەڭلىك قىلىپ «شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغىنىغا بۈگۈن x x كۈن قالدى» دەپ بېسىلغانلىقىنى كۆردۇق. بەزى زاۋۇتلار تەتۈر ۋاقىت ھېسابلايدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈستەل سائىتى ياساپ چىقىپتۇ، بۇنداق سائەتتىكى رەقەم ھەر كۈنى بىردىن ئازلاپ بارىدىكەن.

بىز شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا بىناسىدا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق ۋە 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ بايراق خادىلىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنىڭ لەپىلدەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. يەنە شۇنىڭغا ئىشەندۇقكى، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىر پەۋقۇلئاددە رايونى تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇسى بۇ قايناق شەھەر ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىشىدە مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. M3






## داغمۇ ياكى زىناۋمۇ؟

( ئەبجەش خاتىرىلەر )

ئابدۇقادىر جاالىددىن

تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى شېئىر، ھېكايە بىلەنلا ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا قاملاشتۇرۇپ بىر ئىش قىلىش تەس. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تالانتلىق ھېسابلىنىدىغان ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى ئايرىم ژانىرلاردا كۆرسەتكەن. ھەممە ژانىرلاردا كارامەت كۆرسىتىدىغان دېگۈچىلەرمۇ بولدى، لېكىن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىگە يارىشىدىغان ژانىرلاردا قولغا كەلدى. ژانىرلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، يەنە شۇنىڭغا يارىشا يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ ئىگە. شۇڭلاشقا، ئوخشىمىغان ژانىرلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.



www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنىڭ قاتلىمى بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى قاتلاملار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ژانىرلار قاتلىمىدىن كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ۋە كۆڭلىدىكى مەنىۋى ھالەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەن ھەممىشە بىرەر پارچە شېئىرىمنى ياكى ماقالەمنى يېزىپ تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە قېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئەمما، شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىم كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تۇرمۇشقا ئائىت تەسىراتلارنى ئۇدۇللا قوشۇپ، شېئىرنىڭ مەجازىدىكى ساپ ھالىتىنى بۇزغۇم كەلمەيدۇ. چۈنكى شېئىر تۇرمۇشنىڭ نورمال لوگىكىسىدىكى سۆزلەر ئورامى بىلەن دەپ بەرگىلى بولمايدىغان باشقا بىر ئىقلىم.

مەلۇم بىر خاھىشنى ياكى پىكىرنى بىر خىل ژانىردا دېگىلى بولمىسا، باشقا ژانىرلاردا دەپ بېقىش كېرەك، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا، ژانىر بىلەن ھېسابلاشماي دەۋىرىش كېرەك، ئەدەبىياتتا ژانىر ئايرىمچىلىقى بەك مۇھىم نەرسە ئەمەس. قەلەمدىن چىققانلىرى سەنئەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىلا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى، ئاڭلىغان - ئويلىغانلىرىمنى تەۋەككۈل قىلىپ يېزىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئاز - تولا قىممىتى بار نەرسە ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئېنىق. ئۇنىڭغا «ئەبجەش خاتىرىلەر» دەپ ئىسىم بەردىم. ئەمما، ئوقۇرمەنلەرگە لازىمى كۆپرەك مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان «موللا تاپقاق» لاردىن بولمىساممۇ، گېپىمنى تۈزلۈك بىلەن ئېيتىۋەردىم.

## تارىخ دەرسى

كىچە. ئەتراپ دىمىق ۋە بۇرۇقتۇم. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگىلى بىر يىل بولغان ئۇمىد نېمىندۇر ئويلانغان ھالدا ئەسلىمە يېزىۋاتقان دادىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

- دادا، - دەپ ئاستا توۋلىدى ئۇمىد.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى ئوغلىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن قاتاڭغۇ چىرايى ئۈستەل چىرىغىنىڭ ئانچە كۈچلۈك بولمىغان يورۇقىدا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

- دادا، ئوخشاش بىر ئادەمنى ھەر خىل كىتابلاردا ھەر خىل باھالاپ يېزىشىدىكەن، ھەتتا بىر ئادەمگە، بۇرۇن بېرىلگەن باھا بىلەن ھازىر بېرىلگەن باھا بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدىكەن. ھېچ بىلەلمىدىم، زادى تارىخ دېگەن قانداق نەرسە؟

سەئىدۇللايوف ئەپەندى غىل - پال كۈلۈمسىرەپ قويدى. بەلكىم بۇ سوئال بىر ئاز ئۇشتۇمتۇت تۇيۇلغان بولسا كېرەك، ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە، قېلىن تۇمان ئارقىسىدا تاشلىنىپ ياتقان جىلۋىدار ئۆتمۈشنى دەرھاللا يەكۈنلەپ بىر نېمە دېيىش ئاسان ئەمەس.

- مانا، مېنىڭ ئۆزۈممۇ بىر تارىخ، بۇ تارىخ ئۆزۈمدىن بۇرۇنقى ۋە ئۆزۈمدىن تاشقىرى تارىخلارنىڭ مەھسۇلى، ئەمما بۇ تارىخنى قانداق تىلدا سۆزلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە، ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر لۇغەت كېتىدۇ.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى تۇرۇپ قالدى. ئۇمىد جاۋابىنىڭ شۇنداق ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇلاپلا سورىدى:

- ئۇ قانداق لۇغەت، دادا؟

سەئىدۇللايوف ئەپەندى يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن بۇ كۈلكىنى بەھۇزۇر كۈلكە دېگىلى بولمايتتى.

- ئۇ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي سەرگۈزەشتىسى، يەنى جاراھىتى، تېڭىرقىشى، ئالدىنىشى، غەزەپلىنىشى، قاتتىق ۋارقىرىشى، خىيال قىلىشى، بىئارام بولۇشى، تىت - تىت بولۇشى، قۇربان بېرىشى ئارقىلىق تۈزىدىغان لۇغەت، بۇ لۇغەت ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولىدۇ، ئۇنى باشقىلارغا ۋەكالىتەن تۈزۈپ بەرگىلى، نەشر قىلغىلى بولمايدۇ. تارىختىن ئىبارەت مۇرەككەپ كىتاب ئالدىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق «ئېلىپبە» سى بولىدۇ.

- دېمەك، تارىخ ياراتمىغانلار تارىخنى تۈزۈك ئوقۇيالمايدىكەن - دە، شۇنداقمۇ، دادا؟

- توغرا دېدىڭ.

- ئۇنداق بولسا، تارىخنى قانداق ئادەملەر يازىدۇ؟

- تارىخنى غالىبلار مەغلۇبلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ. ئەمما، دۈمبىسىنى تۇتۇپ بەرمىگەنلەر مەغلۇبلاردىن ئەمەس.

- بۇنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم، دادا.

- مەسىلەن، مېنىڭ ئىسمىممۇ بىر تارىخ، «سەئىدۇللا» دېگەن ئىسىم مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغان تارىخىم، «يوف» دېگەن قوشۇمچە سۆز بولسا مېنىڭ تارىخىمغا تېڭىلغان ئۆزگىچە تارىخ. مەن بۇنى ئۆز پېتى قويۇپ قويدۇم، چۈنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق. جاھاندا غەيرىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇتلەق خالىي تۇرالايدىغان تارىخنى مەن تېخى كۆرمىدىم.

ئارىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر خىل جىمجىتلىق قاپلىدى. بۇ يۇقىرىقى سۆھبەتنىڭ سىرلىق كۈچىدىنمۇ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ بىردەم سۈكۈت قىلىشىۋېلىشنى خالىغانلىقىدىن بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىبادەتكە ئوخشايدىغان دەقىقىلەر بىر پەس ھۆكۈم سۈردى.

ئۈمىد جىمجىتلىقنى بۇزدى:

- دادا، سىزنىڭچە، تارىخنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆگەنسە بولىدۇ؟

- كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلارغا بېرىش، بۇمۇ تارىخ ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم، مەن مىلتىق دېگەن نەرسىنى تۇتۇشنى، چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇشنى ئۆگەنگەندىن كېيىنلا تارىخنى ئۆزۈمچە چۈشىنىپ قالدىم. مەسىلەن، بىر كونا پوپايكىنى چۇۋۇيالىساڭ بۇمۇ بىر تارىخ، لېكىن بۇ يېرىمىيارتا تارىخ بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى چۇۋۇپ بولغاندىن كېيىن، دىتىڭگە لايىق كېلىدىغان بىر پوپايكا ياكى بىر پەلەي توقۇساڭ، مانا بۇنىڭ ئۆزى پۈتۈن تارىخ بولىدۇ. تارىخ ئوقۇش دېگەن ئاشۇنداق گەپ.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى ئوغلىغا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تال تاماكىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شوراپ، ئىسنى ئۈستەل چىرىغىغا قارىتىپ پۈۋلىدى، چىراغ ئەتراپىدا خاتىرجەم ئويناۋاتقان بىر قانچە كۆمۈتا ھودۇققىنىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

- مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم دالىلاردا ئۆلدى، - دېدى سەئىدۇللايوف ئەپەندى تىترىگەن ئاۋازدا، - ئۇلارنىڭ جەسىتى قوتۇرلالما ئىتلارغا يەم بولمىدى، چۈنكى لالما ئىتلار كىشىلەر توگولۇپ يىغىلىۋالىدىغان شەھەرلەردە ياشايدۇ. ئۇلاردا باياۋانغا بارالايدىغان تەبىئەت يوق، باياۋان دېگەن بۈركۈت، شۇڭقار، شىر، يولۋاسلارنىڭ ۋەتىنى، ئۇ يەردە تاما دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ يەردە باتۇرلۇق ۋە ھوشيارلىقتىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلماي ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ياشاش دېگەن رەھىمسىزلىكنىڭ گىردابىدا تۇرىدىغان نەرسە، رەھىمسىزلىك بار يەردە كۆرەش بولىدۇ، دىيانەت بار يەردە تاما بولىدۇ. بەلكىم مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ جەسىتى شىر، يولۋاس، بۆرىلەرگە، بۈركۈت، لاچىنلارغا ئوزۇق بولغاندۇ، ئۇلارنىڭ روھى بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇرسەن بولغاندۇ. چۈنكى ئاشۇنداق باھادىر كىشىلەرنىڭ جەسىتى باھادىر جانلىقلارغا ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارغا مەدەت بەرسە، شەرەپنىڭ ئۈستىگە شەرەپ ئەمەسمۇ!؟ مانا مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، كۆرپىنىڭ ئۈستىدە جان بېرىدىغان ئوخشايمەن، لېكىن ئاللىبۇرۇن روھىمنى قۇتقۇزۇپ بولغان ئادەممەن. شۇڭا، دوستلىرىم مېنى قىزغىنىپ قارشى ئالىدۇ، ئۇلار مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىمنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا، ئوبدان چۈشىنىدۇ. ھايات ئۇزۇنمۇ بولىدۇ، قىسقىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆزىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋاقىتلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئاز - تولا ئەھمىيىتى بولسىلا، ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى كېپىنى توختاتتى - دە، ئالدىدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر كارتوچكىنى چىقىرىپ ئوغلىغا ئۇزاتتى ۋە شۇنداق دېدى:

- مانا بۇ مېنىڭ قەبرىنامەم، مەن ئاخىرقى بىر ئابزاسىنىمۇ باشقىلارنىڭ قەلىمىگە قالدۇرۇشنى خالىمىدىم. پەرزەنتىم بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن سادىق بولىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئۈمىد كارتوچكىغا قارىدى، ئۇنىڭدا شۇنداق يېزىلغانىدى: «بۇ يەردە ياتقان كىشىنىڭ ياخشى پىلانلىرى بار ئىدى، ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ باقتى. ئۇ ئاخىرى مەغلۇب بولۇشقا قىلچە تەن بەرمىگەن ھالدا كېتىپ قالدى.»

## نېسىۋە ئۈچۈن

بەزىلەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئاز - تولا يەرلىرى بولسىلا، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ، لېكىن ئاشۇ ئوخشىمايدىغان «ئاز - تولا يەرلىرى» نىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قاڭشارلىق بولۇشمۇ ئالاھىدىلىك، پاناق بولۇشمۇ ئالاھىدىلىك. بويى ئېگىزلەر ئېگىزدىكى

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ئېلىشقا قولىنىڭ يېتىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، بىلىدە سۆڭىكى يوق ئەۋرىشىم كىشىلەر بولسا ئېگىزلەر مەغرۇرلۇقىدىن كۆرمەي قالغان ياكى چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئالالايدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇنداق، جەمئىيىتىمىزدىن ھەر كىم تەبىئىتىگە لايىق نېسىۋە ئالالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزدە يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بولدى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىگەنلەر يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇش فىلىملىرىدىن رېژىسسورنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆرۈۋاتىدۇ. كىشىلەر ئومۇمەن ئۇنداق «ئېرەمباغ» لارنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدە ھەيران بولۇشتى. ھەيران بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ مەيۈسلەنگەنلەر، خىيال سۈرگەنلەر، ئىزدەنگەنلەر، تەن بەرگەنلەر، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشەنگەنلەرمۇ بولدى. كىشىلەر ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ غەمكىنلىكى ئۈچۈن داۋا ئىزدەيدىغان بولدى، بەزىلەر تارىخنىڭ شۆھرەتلىك يىللىرىنى ۋاراقلاش بىلەن، بەزىلەر ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىمايدىغان «ئېسىل» يەرلىرىنى ئىزدەش بىلەن تەسەللىي تاپتى. بەزىلەر بولسا، ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاۋەردى.

تەقدىر ھەر قانچە رەھىمسىز، ھەر قانچە يۈزسىز بولسىمۇ، ئاز - تولا ئىنساپ بىلەن نەرسىلەرنى قالدۇرغانىكەن، ئىنشائاللا، ئېيتايلى دېسەك ناخشىمىز، چالايلى دېسەك سازىمىز، ئوينايلى دېسەك ئۇسسۇلىمىز بار. ھەر ھالدا ئەجدادلىرىمىز ئىنسان سۈپەتلىرى مۇنبىرىدىن ئالىدىغان بۈگۈنكى نېسىۋىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك خەزىنە قالدۇرۇپتىكەن، يىللارنىڭ قارا بورانلىرى قانچىلىك يالماپ سۈپۈرمىسۇن، يەنىلا ئاساسى ۋەزنىنى ساقلاپ قاپتۇ. بىز نوبېل مۇكاپاتىدەك دۇنياۋى شەرەپ مۇنبىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ نەتىجىسى ۋە خۇشاللىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ - كىچىك سورۇنلاردىن ئۆز نېسىۋىمىزنى ئالالمايۋاتقان مۇشۇنداق سولغۇن دەۋردە بارلىق پەخرىمىز ۋە بىھوشانە شادلىق خۇمارىمىزنى ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئاشۇ خەزىنىدىن تاپىدىغان بولدۇق. بالا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ ھەر نېمىلەرنى قىلىدۇ، بۈگۈنكى مىراسخورلىرىمىز ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان كىچىككىنە تەۋەرۈكنى ئۇيان تارتىپ - بۇيان تارتىپ تۇرلۇك نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ باقتى،

ئەسىرلىك قىسمەتلەر بىلەن ھەمنەپەس بولغان گۈزەل خەلق قوشاقلىرىنىڭ يېرىمى ئۇيان، يېرىمى بۇيان بولۇپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئوخشىماي قالغىلى قىل قالدى. ھەيھات، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن تويلار ۋە بەزمىلەردىن ئاز - تولا لوقمىغا ئېرىشىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى مىراسلار قانچىلىك بۇزۇلمىسۇن، بۇنى سۈرۈشتۈرىدىغانلار بولمىدى. چۈنكى، پەقەتلا كۈن ئۆتكۈزۈش دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاتالمىش جاھاندارچىلىق يولى. ھايات ھاقارەتلىك ئۆتسىمۇ، ئىككى كۆزۈڭ پارقىراپ تۇرسىلا بولىدىغان بولدى.

يېقىندىن بېرى، بەزى شىركەت - ماگىزىنلار ئىش باشلىسا، داقا - دۇمباقنى بىز چېلىپ بېرىدىغان بولدۇق. ئۇسسۇلنى تولا ئويناپ، دۇمباقنى تولا چېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ شۇ ئىشنى قىلىۋاتانلىقىمىزنىمۇ سەزمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. بۇ خۇددى نەپەس ئېلىۋېتىپمۇ، نەپەس ئېلىۋاتانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىر ئىش. لېكىن، نەپەس يولىمىزدىن چاتاق چىقسىلا دەرھال ئەسكە ئالىمىز، ھەتتا چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

جاھان ئەھلىنىڭ مەيلىنى تارتقۇدەك سەنئەتنى ياراتقان مىللەت تەقدىرىنىڭ سىرى ۋە تەبىئەت پرىنسىپلىرىغا يۈرۈش قىلغۇدەك ئەقىل مۆجىزىلىرىنى يارىتىشقا قادىر بولالايدۇ. بىزدە زېمىن ۋە ئاسماننىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئۇلۇغ‌ېبكتەك ئاسترونوملار، مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدەك ماتېماتىكلار ئالليۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەگەر ئەجدادلاردىكى ئىجتىھات بىلەن پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىش روھىنى بۈگۈن ئۆزىمىزگە مۇقەددەس تەۋەرۈك دەپ بىلگەن بولساق، سەنئەتنى نېسىۋە ئىزدەشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلغان بولاتتۇق.

خۇدانىڭ گۈزەل ۋە ساغلام بەدەننى ئاتا قىلىشى ھەممە بايلىقنى ئاتا قىلىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئادەم مېڭىسى پىكىر قىلىش، ئويلىنىش ئۈچۈن يارالغان. كۆز، قۇلاق، پۇت، قول قاتارلىق باشقا ئەزالارمۇ ئۆزىگە لايىق قۇدرەتكە ئىگە. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ، مۇۋاپىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بولسا، ئىنسان بالىسىغا نېمىلەر نېسىپ بولمايدۇ؟ ساغلام ۋۇجۇد ئاتا قىلغان خۇدا ئۇنى توغرا ئىشلەتكەن، ئۆز بەخت - سائادىتىنى

ئىزدەش يولىدا سەرپ قىلغان بەندىسىدىن نۇسرىتىنى ئايارمۇ؟

سەنئەتنىڭ بولۇشى مەنىۋى بايلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، لېكىن قىلچىمۇ ئىجادىيلىق بولمىغان ھالدا نېسىۋە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەر تەرەپلىمە نامراتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ مەيدىمىزگە ئۇرۇپ: «قالتىس» بولۇشنىڭ داۋاسىنى قىلىمىز. ھەقىقەتەن قالتىس.

## بۇرۇت «كاشىلىسى»

تارىخ ھامان تەدبىرلىك ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە مېھنەتكەش ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلگەن. ئوت قارىماققا ئادەتتىكى نەرسىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشىنىڭ كاتتا بەلگىسى بولغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مەدەنىيەت ھامان ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە پايدىلىق ۋاسىتىلەرنى ئىجاد قىلىش بىلەن بېيىپ كەلگەنىدى. ئەگەر قەدىمكى كىشىلەردە ئوت ھەققىدە مەلۇم ئۇنۇم قارىشى بولمىغان بولسا، ئەرشتىن ئوت ئوغرىلاپ قاتتىق جازالانغان پرومىتى ھەققىدىكى ئەپسانىمۇ توقۇلمىغان بولار ئىدى. مانا تا بۈگۈنكى دەۋرگىچە پرومىتى بۈيۈك تراگېدىيىلىك قەھرىمان سۈپىتىدە سەبىيلەر كۆڭلىگە ئوت يېقىپ كەلدى.

ھازىرقى كىشىلەر تېخىمۇ ئۇنۇمپەرەس بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا سېتىشقا ئەرزىيدىغان ھەممە نەرسىنى بازارغا يۈزلەندۈردى، ھەتتا بەزى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىنى سېتىپ خەجلىمەكتە. پەقەت قەھرىمان قالمىغاندا، بىراقلا ئەجدادىنى ھەم ئەۋلادىنى دو تىكىدۇ. قاراڭلار، ئۇلارغا! ئۇلار ئۆز ھاياتىغا باشقىلارنىڭ باھا قويۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ، مال باھا ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇشماقتا. ئۇلار ئۆز يېنىدىكىلەرگە خىرىس بىلەن ھۆرپىيىشمەكتە.

زامان تەرەققىي قىلغانسېرى تەدبىرنىڭمۇ تۈرى كۆپىيىپ كەتتى، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئەخمىقانە، قانچىلىك تەسلىم تۆرانە بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، جانغا ئارا تۇرىدىغان بولسا، بولدى. سېتىشمۇ بىر خىل تەدبىر، ئالداشمۇ بىر خىل تەدبىر، ھىجىيىشمۇ بىر خىل تەدبىر، يىغلاشمۇ بىر خىل تەدبىر، باشقىلارنى سولاپ بېرىشمۇ بىر خىل تەدبىر، بوسۇغا مارىشمۇ بىر خىل تەدبىر.

- ۋاي، بەك تولا.

ھەر بىر تەدبىرنىڭ ئۆزىگە لايىق شەجەرىسى ۋە رىسالىسى بولىدىكەن. شۇنىڭ ئىچىدىن ئەدەبىلىكرەك تۈس ئالغان بىرەرسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلار.

مەلۇم بىر ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ - تۆت ئاي خىزمەتتە بولۇپ قالدىم، ئۆزۈم ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، كۆرگەن - بىلگەنلىرىممۇ كۆپرەك مۇشۇ دائىرىدە بولدى. مەن تونۇيدىغان يۈسۈپ ئىسىملىك ياش بىر ئوقۇتقۇچى ناھايىتى خاپىسىرىغان ھالدا ئالدىمغا ئۇچرىدى. مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

- ھەي، قارىمامسىز، - دېدى ئۇ قاقشاپ، - ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ساقال - بۇرۇتنى قىرماي يۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش تارقاتماڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن، مائاشىمنى ئالالماي يېنىپ چىقتىم.

كۆزۈم ئۇنىڭ بۇرۇتىغا چۈشتى، ئەمما ساقاللىرى پاكىز قىرىلغانىدى. مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدىم:

- بۇ نېمە قىلىق؟

- بۇ، پاكىز ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ بەلگىسىمىش، تايىنلىق كۇسا مىللەت بولۇپ قالماپتىكەنمىز.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنى چوقۇم ساتىراشخانىغا ماڭدى، دەپ ئويلىدۇم.

تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە ئىشلار ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى ئاتالمىش يېتەكلىگۈچىلەر ۋە قوماندانلار يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرگە تولۇپ - تاشقان بىر چاغلاردا ئىشتان - چاپانلارغا ئەتەي ياماق سېلىپ كىيىشمۇ بىر خىل تەدبىر ئىدى، ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىدىغانلارنى قاماپ قەتلى قىلىشمۇ بىر خىل تەدبىر ئىدى، مەزمۇت ئايۋان - سارايلارنى خارابىغا ئايلاندۇرۇپ، خارابىدىن ئۈنۈپ چىققان ياۋا ئوتلارنى كەشپىيات تەرىقىسىدە مەدھىيىلەش خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن مۇقەددەس پەلسەپە ئىدى. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق غەلىتە تەدبىرلەرنىڭ قىزغىن ۋارىسلىرى كۆپلەپ تېپىلىدۇ.

ساقال - بۇرۇت خۇددى چاچقا ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ھەدىيەسى.

www.uyghurkitap.com

يېقىندىن بىرى بىر قىسىم ئۇزۇن چاچ مۇتەپپەككۇرلىرى قىسقا چاچ قويغان قىز - ئاياللارغا نىسبەتەن: «چېچىڭ قېنى؟» دەپ سوئال قويۇشتى. ئاياللار بۇنىڭدىن ئىلگىرى: «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن بەدنامىنى تولا ئاڭلاپ، بىراقلا ھەممە نەرسىمىز قىسقا بولسۇن دېيىشتىمۇ قانداق، چېچى يىلسىرى قىسقىراشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىمۇ دېگەندەك ئارام تاپمىدى. ئەمدىلىكتە نۆۋەت بۇرۇتقا كەلگەندەك قىلسىمۇ، تېخى بۇنىڭ داۋرىڭى ئانچە بولۇپ كەتمىدى. دەرۋەقە، ئادەمنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە ئىنچىكە سەپسالىدىغان، كېچىلىرى دۇربۇن بىلەن باشقىلارنىڭ ھۇجرا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارايدىغان ئادەملەر خېلى ئاۋۇپ قالدى.

ساقال بىلەن بۇرۇت پاكىزلىق ۋە يارىشىش شەرتى ئاستىدا ئەرلەردىكى گۈزەللىكنىڭ ئامىللىرى سانىلىدۇ. بولۇپمۇ ھاياتقا چەكسىز ئۈمىدۋارلىق ۋە زوق بىلەن قارايدىغان، قەلبىدە شەيدائى مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تېتىك، جۇشقۇن ياشلار ئۆزىگە مەردانە، ئىشەنچلىك سالاپەت بېغىشلاش ئۈچۈن چاچ، ساقال، بۇرۇت قاتارلىق تەبىئىي ئىنئاملارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار چاچلىق، ساقاللىق كېلىدىغان ئەركەك مىجەز مىللەت بولغاچقا، بەزى تارىخىي دەۋرلەردە «خۇ» ( 胡 ) لار دەپمۇ ئاتالغان، ئەلۋەتتە، بۇ ئەرلەرنىڭ تۆھپىسى. بىز مىجەزى چۇس، باھادىر كىشىلەرنى «مەيدىسىدە تۈكى بار» دەپ تەرىپلەيمىز. شوخ، مەردانە ئۇيغۇر ياشلىرى ھېلىھەم چىرايلىق بۇرۇت قويۇشتەك گۈزەل ئەنئەنە بىلەن جاھان گۈزەللىك سەھنىسىدە چېنىپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرمەكتە. ئېھتىمال، بەزىلەر قوياي دېسە قاملاشمىدىغان بۇرۇتى بولمىغاچقا، بۇرۇت قويماي «سىدام يۈز» بولۇۋېلىشقاندۇ. بىراق، ئۇ ھەممە ئەرلەرنىڭ ھۆسن گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

ئەپسۇسكى، ھېلىقى ناھىيىدىكى مائارىپ مەسئۇللىرىنىڭ نەزىرىدە، بۇرۇت ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىياپەت گۈزەللىكىگە پۈتلىشىدىغان يامان سۈپەتلىك نەرسە بولۇپ قالغان. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلاردا يېڭىدىن كىيىم ئالماشتۇرۇپ، مۇھىت، ھاۋارايى ۋەھىيسى كەيپىياتلارغا لايىقلىشالايدىغان، خۇش پۇراق سوپۇنلار بىلەن كۈندە يۇيۇنۇپ تۇرالايدىغان تۇرمۇش شارائىتى بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۆھتەرەم ئەپەندىلەرگە ئوخشاش سالاپەتكە داخىل بولالايتتى. چۈچەكلەردىن تاشقىرى ھالدا ئۆزىنىڭ تاپىنىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۆرلەيدىغان ئىش بولمايدۇ - دە. ماركسنىڭ شۇنچە بومبۇر ساقىلى كوممۇنىزم تەلىماتىنى يارىتىشقا پۈتلاشماپتىكەن، ئەمدىلىكتە ئەر ئوقۇتقۇچىلار قويۇۋالغان بۇرۇتنىڭ ئىسلاھاتقا پۈتلاشقىنى نېمىسى! ؟

يۇقىرىقى ئىش قارىماققا ناھايىتى كىچىك ئىش. لېكىن ئۇ بىزنىڭ تەدبىر بەلگىلەيدىغان كىشىلىرىمىزدىكى چاكىنىلىق ۋە پۇچەكلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. خەتەرلىك يېرى شۇكى، بۇ چاكىنىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرگىمۇ ئەنگۈشتەر قىلىپ تېگىلىدۇ. يورۇقى چىقمايدىغان بۇنداق ئەنگۈشتەرلەر «يولنىڭ توغرىلىقىغا قارىماي، پۈتنىڭ توغرىلىقىغا قارايدىغان» بۇ زاماندا ئادەم باشقۇرۇش خۇمارىغا ئىگە جانابلارنى بەھوزۇر ياشاش ئىمتىيازىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

چېكىنىش، بۇمۇ بىر تارىخ، بۇنداق تارىخ ئىنسانلار ئۈچۈن ئوت ئېلىپ چۈشكەن پرومېتىدەك ئەزىمەتلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە دەسسەپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئاڭلايدىغىنىمىز ئۈچىيى توم كىشىلەرنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى قاقاقلىغان ئاۋازى، ئۇلۇغلۇق قانداقتۇر بىر سۈكۈت سۈپىتىدە ئۆز مەنىسىنى ساقلاپ يېتىۋېرىدۇ.

ئېگىپ يېيىش ئېھتىياجى بولمىغان بولسا ئىلمەك، قىسىپ يېيىش ئېھتىياجى بولمىغان بولسا چوكا ئىجاد بولمىغان بولاتتى.

بىزنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىمىز نېمە؟ بىز نېمىنى ئىجاد قىلىدۇق؟ «چاچ، ساقال، بۇرۇت» تەلىماتىنىمۇ؟

## تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا

بۇرۇن بىزنىڭ دىياردىمۇ دېڭىز بولغانىكەن، كېيىن بۇ يەرنى تاشلاپ يىراققا كېتىپ قاپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بولغان لوپنۇر، سايرام كۆللىرىگە قاراپ ھەسرەت چېكىۋاتىمىز. ئەجدادلىرىمىز ئوت دېڭىزى ۋە قۇم

دېڭىزنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا ياشىغىلى خېلى ئۇزاق بولغاچقا، يامغۇر ئىلاھىنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولغانىكەن. ئېتىزلار ۋە باغلار سۇغا تەشنا بولغاندا، يامغۇرنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، تاۋاپ سەيلىسى قىلىدىغان يوسۇنلار بۈگۈنمۇ تۈگەپ كەتمىدى. دېمەك ئاۋام ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى ئوبدان بايقاپ، ئىلتىجا قىلىشنى بىلىپ كەلگەن.

زامانىمىزدا بايرام شۇنداق كۆپكى، كالېندار سەھىپىلىرىدىكى رەقەملەرمۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدىغان بولدى. ئاللا تائالا بەندىلىرى خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىشكەندە ئەرشىنىڭ قوۋۇقلىرىنى كەڭ ئېچىپ زوقلىنىپ قارار ئىكەنمىش. بىز كۈندە سەكرىگىلى تۇرۇۋاتىمىز، بۇ بارا - بارا پەقەت مەجھۇل رېفلېكسقا ئايلىنىپ قالدىمۇ - قانداق، كىشىلەر ھەم ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ يۇمۇر ئېيتىشىپ، شاراب ئىچىشمىسە ئۆزىنى خۇش قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاللانىڭ ئەرش قوۋۇقىدىن قاراپ تۇرۇشقا رەغدى بارمۇ - قانداق، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. قارىماسمىز، ئۈزۈم بايرىمى، قوغۇن بايرىمى، ئەنجۈر بايرىمى، شاپتۇل بايرىمى قاتارلىق بايراملارغا، بۇلارنىڭ كەينىدە يەنە نۇرغۇن نېمەت بايراملىرى ئۆچىرەتتە تۇرۇشماقتا، كىم بىلىدۇ، كېيىن تېخى لازا بايرىمى، پىچاق بايرىمى دېگەندەك بايراملار چىقامدۇ - تېخى.

بۇنداق بايراملاردا نېمەتلەرنىڭ سەرخىللىرى زامانىمىز كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا سۈلەتلىك ھالدا قويۇپ قويۇلىدۇ، كىشىلەرگە بەكمۇ تونۇش بولغان پېشقەدەم تەبەسسۇملار بىلەن لېنتا كېسىلىدۇ، گۈزەل قىزلار، بەرنا يىگىتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى باشلىنىدۇ، بۇلارغا ھەييارلىق ۋە تەنتەنىلەر گىرەلىشىپ كېتىدۇ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مۆھتەرەم ئەربابلار سالماق چاۋاكلىرىنى ياڭرىتىدۇ، بىر - بىرىگە سىپايىگەرلىك بىلەن ئېگىلىپ، نېمىلەرنىدۇ دېيىشىدۇ. كېيىن بۇ جەريانلار تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق خەلققە كۆرسىتىلىدۇ. مەھسۇلاتلار ھەققىدىكى سودا توختاملىرى، كەلگۈسىدىكى خاسىيەتلىك پىلانلار گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىدۇ. ئەمما، دەل مۇشۇ چاغلاردا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئاچچىق موخوركىسىنى تارتىشىپ، ئۆزىنىڭ ئانا سەھرالىرىدا يۈرۈشىدۇ. داغدۇغا بىلەن ئۆتكەن شاۋقۇن - سۈرەنلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە نەرسە ئەسلى ئىزىغا چۈشۈپ، كىشىلەرگە پىششىق تونۇش بولغان ۋەزىيەت ئاۋۋالقىدەك ياشاۋېرىدۇ. مەزكۇر بايرامغا بېغىشلانغان سەنئەت نومۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن رۇياپقا چىققىنىغا خۇشال بولۇپ، «تەلەپ ۋە تەقدىم» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بۇرۇنقىلار ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ غېمىنى يېگەچكە، ئىلاھلارغا سېغىنىپ، دەرد - ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشقانىكەن. گەرچە ئۇلار قازان ئېسىپ ئىلاھلارغا خۇشامەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىلاھ ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر دەرد، ئوخشاش بىر مۇھتاجلىق ئىچىدە بىرگە ئۆيۈشقانلىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولاتتىكەن. ئىلاھ كۆپ ھاللاردا ئۇلاردەك ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىكەن. چۈنكى ئىلاھ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇۋەرسە ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

بىزچۇ؟ تەييار نېمەتلەرگە سەجدە قىلغىلى تۇرۇۋاتىمىز. بۇرۇنقىلارنىڭ تاۋاپ سەيلىسىدە ئۈمىد بىلەن تەشۋىش بىللە بولاتتى، بىزنىڭ تاۋاپ سەيلىمىزدە ھوشىنى يوقاتقان خۇشاللىق بىلەن نوقۇل ئۈمىد بىرگە بولماقتا. بىز ئەتىمىز ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى تولا قىلىپ، كۆڭۈل - كۆكسىمىز خېلى تويۇپ، كېيىندىن ئەنسىرىمەس بولۇپ قالدۇق.

ساۋساۋ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ يىغلاپتىكەن. بىز ئۈزۈم، ئەنجۈرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىپ، بايرام قىلىۋاتىمىز. قارىغاندا، مۇراببادىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز زور ئوخشايدۇ.

## مۇھىتمۇ بىر خىل مەكتەپ

بىر مىللەتنىڭ جىسمانىي ساپاسى ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، تەبىئىي مۇھىتنىڭ روھىي سۈپەتتە تۇتقان ئورنىنى باشقا ئامىللار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسا كېرەك. مىللەتنىڭ تىلى، ئىپتىدائىي دىنى، ئۆرپ - ئادىتى، مىجەزى، تەپەككۇر ئادىتى، تارىخىي رولى، ئىجتىمائىي تەقدىرى قاتارلىقلار شۇ مىللەت ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىلمايدۇ. ھەر قانداق سۆز

www.uyghurkitap.com

مۇئەييەن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، بۇ خۇسۇسىيەت دەل شۇ سۆزنى ئىختىرا قىلغان مىللەتنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدىن كەلگەن. ئۇ ئۆز مۇھىتىدىكى مەلۇم بىر شەيئى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان بىۋاستە سېزىمى بىلەن ئىلغا قىلىدۇ، كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىق سېزىملەر شەيئى بىلەن بولغان ئارىلىقى ۋە مۇناسىۋەت شەكلى (ماكان، زامان ئالاقىسى) گە مۇناسىپ ھالدا ئىنكاس قايتۇرىدۇ - دە، ئۇ مۇئەييەن بەلگە ياكى تاۋۇش قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ئەستىن ئورۇن ئالىدۇ. بىرەسۆزنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشى ئۇنىڭ كېيىنكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئېيتقاندا، شۇ سۆز ئىپادە قىلغان شەيئى بىلەن تۇيغۇلۇق ۋە ئىدراكى مۇناسىۋەتنى يىراق ھەم تۇنجى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. بۇنى بەزى پەيلاسوپلار «تەقلىد» ئاتالغۇسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئومۇمەن، بىر مىللەتنىڭ لۇغەت بايلىقى ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئەڭ سەمىمىي سىمفونىيىسى، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي تەقدىرىنى ئىگىلەشنىڭ ئاچقۇچى. خەلقىمىز پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە ۋاقىت بۆرجىلىرى ئىنتايىن روشەن بولغان، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ، ئىسسىق - سوغۇق ئىقلىملار گارمونىك گىرەلەشكەن، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كانچىلىق كەسپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بىر تۇتاش راۋاجىغا يېتەرلىك شارائىت بەخش ئېتىدىغان، قۇياشنى يالىڭاچ مەيدىسى بىلەن قۇچاقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسمىنى كەڭرى مۇنبەت قۇرغاق تۇپراقتا ياشاپ كەلگەچكە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل، مۇستەھكەم ۋۇجۇد بىلەن ئاجايىپ يارقىن تارىخىي قىسسىنى ياراتقان. تىلىمىزنىڭ لېكسىكىلىق تەرەققىياتىدىكى كۆپ مەنبەلىشىشى، ئىنچىكە مەنا پەرقىگە ئىگە مەنداش سۆزلەرگە باي بولۇشى خەلقىمىزنىڭ تۇرغۇن، بىكىنمە خاراكتېردە ئەمەس، بەلكى يۈرۈش خاراكتېرىدە تۇياقلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرىدىغان جەڭ ئېتىدەك ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر بىشارىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تىلىمىز پېئىللارغا ئىنتايىن باي. پېئىل شەيئىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئېنىق - مەۋھۇم ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىشتىن كەلگەن روھ ھادىسىسىنىڭ مەھسۇلاتى. ئىنساننىڭ مەنىۋى ياقتىكى زىللىقى قانچىكى ئويغانسا، ئۇ ئىچكى تەجرىبىلەرگە شۇنچىكى باي بولىدۇ، ئىچكى تەجرىبىلەرگە باي بولغان ئىنسان دۇنياسىنىڭ باشقىلار بايقىمىغان تەرەپلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. پېئىلدىكى بايلىق ھەرىكەتنى مىكرو رەۋىشتە كۆزىتىپ ئايرىباشلىيالايدىغان زېھنىي شوخلۇقنى ئاشكارىلايدۇ. خەلقىمىز مېۋە - شەربەتلەرگە، گۆش - مايلارغا، مەدەنلىك تاغ سۇلىرى، تۇپراق ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان يامغۇر سۇلىرى، پەرۋاز خۇمار قۇشلار، تاپىنى ئۆرلەپ تۇرىدىغان جانلىقلارغا باي قۇرغاق تۇپراقتا ياشاپ، ئۆزىگە خاس شاش مەنىۋى ئىقلىم بەرپا قىلغان. تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە دەللىكى ئەنە شۇ مەنىۋى ئىقلىمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. شېئىرىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئىشقى ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ قىز - ئاياللارنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ئائىت پېئىللارنىڭ بىر قارىسا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن نازۇك پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تالايلاپ ئۇچرىتىمىز. بۇمۇ قۇرغاق ئىقلىمنىڭ سۇبيېكتتا ئىپادىلەنگەن بىر ئالاھىدىلىكى.

دېمەك، مۇھىت تىلى ئۆزگىچىلىككە سەۋەب بولىدىغان گەۋدىلىك ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىدە ياشاۋاتقان مىللەت مەنىۋىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. مىللىي مەدەنىيەتنى ناخشا دېسەك، ئۇنىڭ مۇزىكىسى تىلدىكى مەنا قۇرۇلمىسىدۇر، تېكىستى تەبىئەتتۇر، ئۇنى مىللەت ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئورۇندايدۇ.

بىز ئادەتتە تىلنى مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى ئاساسىي ئېقىن دەپ تونۇيمىز، شۇنداق ئىكەن، ئەنە شۇ تىلغا كېپىل بولغان تەبىئەتمۇ ئوخشاشلا مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى مۇھىم نەرسە. مۇھىت ئەلۋەتتە تەبىئەتنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ جەمئىيەتنى، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسى، كىيىم - كېچەكى، باغچىلار، مۇزېيلار، بىنالار، كوچىلار، كوچىلاردىكى خاتىرە ھەيكەللىرى، شوئارلار، لوزۇنكىلار، كىنو - تېلېۋىزىيە، مەتبۇئات قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي سۇبيېكتىپ ھالەتنىڭ مەھسۇلاتىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەۋلادلار روھىي قاتلىمىنى لايىھىلەيدىغان مەكتەپتۇر. مەكتەپ مەدەنىيەت تەلىم - تەربىيىسىنىڭ مەنىۋى كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلسا، مۇھىت ئەنە شۇ

مەنىۋى كۆرۈنۈشىنىڭ ماددىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، تېگىشلىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالغان مەكتەپ تەربىيىسى ئۆزىنىڭ پاكىت خاراكتېرلىك قايىل قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ. «ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر». بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئارزۇ - خاھىشلىرىنىڭ مەزمۇن دەلىلى بولغان خاس مۇھىتنىڭ بەربات بولۇشى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ پالەچ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ گېنېرالى تورىم شۇنداق دېگەنىكەن: «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايدا، كىشىلەرنىڭ ئۆزۋەتىنى، خەلقى ۋە تارىخىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببىتى قالمايدۇ، شۇنداقلا ئارمىيە، جەڭچىلەردىمۇ باتۇرلۇق ۋە ئۆز - ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك مىللىي روھ ئۆلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندا، پۇقرالار ئۇستىبېشى جۇل - جۇل، ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالغان سەرگەردانلارغا ئايلىنىدۇ. مۇنداق كىشىلەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئىستەك بولمايدۇ».

1

شەرق ئەللىرى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بىرەر مەبۇد بولمىسا، كۆڭلى قانائەت تاپماي كەلگەن، شۇڭا تولىمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە شەرق تارىخىدىن ئىلاھلارنىڭ تۈرلۈك ئەۋرىشكىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. شەرق ئەللىرى ئۆزىدە بولمىغان قۇدرەت، ئىقتىدارلارنى، ئۆزىگە ھازىردا نېسىپ بولمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈل غەشلىكى، ھەسرەت - نادامەتلىرىنى، ۋەھىمە ۋە ئازابلىرىنى بىرلا ئىلاھىنىڭ ۋۇجۇدىغا تولۇق مۇجەسسەم قىلىپ، ئۆزلىرىنى پانىي دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن خالىي قىلىشقان - دە، تەقدىرىنىڭ ھەرنە كەلمىشلىرىدىن ئانچە ئەنسىرىمەي ياشاۋەرگەن. ئۇلارچە، ئۆزىدە ھەل بولمىغان ھەر قانداق نەرسە ئاشۇ تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسىدە بار، بۇ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىلى بولمايدۇ: شۇنىڭ بىلەن مول ھاياتىي كۈچ، تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەللىك ئۇنۇمىدە سېھرىي ئالەم ئاستا - ئاستا بارلىققا كېلىپ، كامالەتكە يەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئالەم ئىسپاتلاشقا ۋە باشقا يول بىلەن چېقىلغىلى بولمايدىغان سىر بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق رام قىلىپ كەلگەن.

غەرب ئەللىرىدە دەل ئەكسىچە، ئۇلاردىكى ئىلاھلار تالاي تارىخىي، دىنىي ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە رېئال، ئىنسانىي سۈپەتكە كىرىشكە باشلىغان. ئىسپاتلاشنى ياخشى كۆرىدىغان غەرب ئەللىرى دىنىي كامالەت نۇقتىسىدا تۇرغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پەننىي دەلىللەر ئارقىلىق قايتىدىن شەرھلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قولاي نۇرغۇن ۋاسىتىلەرگە ئېرىشتى.

شەرقتىكى ئىلاھلار بەندىلەرنىڭ چاقچىقىنى كۆتۈرمەيدىغان سۈرلۈك ئەلپازدا ياشاپ كەلدى. غەربتىكى ئىلاھلار بەندىلەر چاقچاق قىلسا كۆتۈرىدىغان رەۋىشتە ياشاپ، بۇنداق چاقچاقلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە بەندىلەرنىڭ ئارىسىغا يۈزلەنگەن.

مانا بۇ ھال دۇنيانىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇتۇپىدا ئوخشىمىغان ھوقۇق فورمىسىنى شەكىللەندۈردى. شەرقتە ھوقۇق چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇتلەق نەرسە، ئۇ مەلۇم بىر كىشىگە مۇتلەق ھالدا مەنسۇپ بولىدۇكى، ئاۋامنىڭ تەقدىرى مەزكۇر ھوقۇق ئىگىسىنىڭ بىر قېتىملىق چۈشى ياكى خىيالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇن مۇنەججىملەر ۋە ئاقىللار ئەنە شۇ چۈشنىڭ مۇلايىم قۇربانلىرى. دېمەك، شەرق سۇلتانلىرى خۇدانىڭ بىرلىكىگە بولغان ئىجتىمائىي تەقلىدنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. كۆپ ھاللاردا ھوقۇق ھوقۇقدارلارنىڭ جەمەتى تەرىپىدىن تولۇق مونوپول قىلىنىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن. غەربتە ھوقۇق بارا - بارا تارقاقلىشىپ، ھوقۇقدارنى نازارەت قىلىدىغان كۆپ قۇتۇپلۇق قۇرۇلما بارلىققا كەلگەن. بۇ دەل پارلامېنتنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىر مىللەت ياكى بىر رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ خاراكتېرى شۇ مىللەت ياكى شۇ رايوننىڭ دىنىي ئېتىقاد قاتلىمىدىكى روھىي ئامىلنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىگە تارتىدۇ. تەبىئەتكە پەرھىز خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتتە بولغان دىن كۆپرەك ئېستېتىك ۋە مىستېتىك مەزمۇنىنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. تەبىئەتكە ئىستىلا خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتتە بولغان دىن ئىدراكى رەۋىشتە سانائەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

دېمەك، ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقاد كېيىنكى جەمئىيەت خاراكتېرىنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

2

بىزمۇ شەرق دۇنياسىدىكى دىنىي كەيپىياتقا

ئىنتايىن باي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي قاتلامغا ئىگە. شۇڭا، دۆلەت ۋە ھوقۇق قارىشى ئاللىبۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ۋە زامانغا يارىشا ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلاردا ئۆزگىرىپ كەلگەن. ھوقۇق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئەمەلىي كۈچنىڭ جارى بولۇشىدىكى مەركىزىي سەۋەب دېگەن قاراش پەيلاسوپلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىدىن مۇۋاپىق شەرھىي ياكى ئىپادە تاپقانىدى.

ئەمما، ھوقۇق قارىشىمىز بۈگۈنكى كۈنلەردە تولىمۇ پۇچەك، تېتىقسىز، چاكىنا مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. كۆپ ھاللاردا ھوقۇق كىشىلەرنىڭ تۈترۇقسىز شان - شەرەپ ئېھتىياجى، پاراۋان خۇسۇسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھوقۇق ئەسلىدە ئۆتكۈنچى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىشرەت خۇمارى گويا ئۇنى مەڭگۈلۈك باقىۋەندە سۈپىتىدە كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەر غادايدى، ئېرىشمىگەنلەر تىزلاندى. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەت پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، توغرا غايە ۋە مۇستەقىل ئىرادىنىڭ مەھسۇلى بولۇش كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇ تىزلىنىپ يالۋۇرۇشنىڭ، ئېھتىيات بىلەن بوسۇق ماراشنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتىكى بەربات بولۇشنىڭ مەھسۇلاتىغا ئايلاندى. مەلۇمكى، ھوقۇق باشقىلاردىن تىلەپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تارىخىي مۇقەررەرلىك كۈچى بىلەن يارىتىدىغان نەرسە.

مېنىڭ بىر ئوقۇتقۇچۇم مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى:

— بىز خېلى باي ئائىلىلەردىن ئىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا كىچىك بولساممۇ، بەزى ئىشلار ئېسىمدىن زادى چىقىپ كەتمەيدۇ. ئائىلىمىزدە بىر قانچە چاكار بولاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى باشقا چاكارلار كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىچكىرى ئۆيلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، بەزىسى ھويلا - ئاراملارنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ھاجەتمەن قوشنىلار تۇز، يىپ - يىڭنە قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سوراپ كىرەتتى. ئۆي خىزمەتچىلىرى ئادەمگەرچىلىككە ئېلىپ، ئاشۇنداق كىچىك نەرسىلەرنى بەزى ۋاقىتلاردا ئۆز ئالدىغا بېرىۋېتەتتى، بۇنى ھويلا - ئارام خىزمەتچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ، دادامغا ياكى ئانامغا چېقىشتۇراتتى، ئۇلار بەزىدە بوپتۇ دېسىمۇ، بەزىدە ئاچچىقلىنىپ قالاتتى - دە، چېقىشتۇرغان ھويلا خىزمەتچىسىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆي خىزمەتكارلىقىغا ئالماشتۇراتتى، ئەسلىدىكى ئۆي خىزمەتچىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ھويلا - ئارامنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى.

— بۇ بىر ئاددىي ۋەقە، - دەيتتى ئوقۇتقۇچۇم خۇلاسە چىقىرىپ، - شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئويلاپ باقسام، ئۇ جەمئىيىتىمىزدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى سۈزۈك ئەينەكتەك كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن. مەيلى ئۆي ئىچى ئىشلىرى بولامدۇ، مەيلى ھويلا ئىشى بولامدۇ ھەممىسىنى بەرىبىر چاكارلار قىلىدۇ. گەرچە ھويلا چاكىرى ئۆي چاكىرىنى چېقىشتۇرۇش بەدىلىگە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا چاكارلىق تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. دېمەك، قۇل ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىكى قۇللۇق تامغىسىنى يۇيۇۋەتمەي ياكى سۈيۈپ ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ، ئىككىنچى بىرسىنىڭ «ئورنى» نى ئىگىلىسە، ئۇ ئوخشاشلا قۇل بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

## 3

ھەقىقىي ھوقۇق ئۇنى ئۆز كۈچى بىلەن يارىتالايدىغان ھەمدە ئۆزى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەمگە مەنسۇپ، بولمىسا سېنىڭ قولۇڭدىكى نەرسە ھوقۇقنىڭ ئۆزى بولماي، ھوقۇقنىڭ جىلۋىسى ياكى سايىسى بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈن «ئۇلا يەپ بولاي سېمىز» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆتىدىغان كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، بۇنداق ئەقىدە خەلقىمىزگە ئاپەت خاراكتېرىدە يامراۋاتىدۇ.

ئاز - تولا مەكتەپ كۆرگەن بەزى كىشىلىرىمىز خۇدانى تەرك ئېتىپ «ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزمچى» بولۇۋالىدۇ. كېيىن بىلىشىمىزچە، ئۇلار روھقا چوقۇنۇپ يۈرمىسىمۇ، ئادەملەرگە قاراپ ناماز ئوقۇيدىكەن. بۇ ئەھۋال مەيلى زىيالىي، مەيلى كادىر بولامدۇ، ئىشچى ياكى دېھقان بولامدۇ ھەممىسىدە بار. دېھقانلار ئۈنچىلىك قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېشىدا ئۆزىنى خىزىر ياكى «قىبلە» كۆرسىتىدىغان مەخسۇس ئادەم بار بولغاچقا، مەجبۇر بولغان. قانداقلا بولمىسۇن ھۆكۈمراننىڭ زالىملىقى يەنىلا ئاۋامنىڭ قۇللۇقىدىن كەلگەن. قۇللۇق نادانلىق بىلەن قوشكېزەك.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەرنىڭ «تەزىم - رەھمەت» بەجا قىلىشىۋېرىشى بىلەن نۇرغۇن ھوقۇقدارلىرىمىز باسما قۇدۇقتا ئوخشاپ قالدى. ئۇلاردىن سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال بىر - ئىككى قاپاق سۇ تۆكمىسەك بولمايدۇ.

## ئەرشكە يەتكەن رىيازەت

(نەسىر)

**داۋۇت ئوبۇلقاسىم**

ئاللا ئەزرائىلنى قېرىپ ھالى قالمىغان ئاقساقالنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، پەرىشتىلەرگە ئۇنىڭ روھىنى سوراق قىلىشنى تاپىلىدى. پەرىشتە بوۋايغا - ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە، ئاپئاق ساقاللىرىغا، تېخىچىلا نادانلىق ئىلكىدە تۇرغان روھىغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا ئاللاغا دېدى:

- ئى ئاللا، ئۇنىڭ روھى تېخى بوۋاق پېتى تۇرۇپتۇ. پەقەت ۋىلىققىدە كۈلۈشلىرى، شوخ پىلتىڭلاشلىرى ئۆزگىرىپ تەمكىنلىشىپتۇ، بىچارىلىشىپتۇ. ساددىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ قاپتۇ. تېنىگە قېرىلىق يەتكەن بىلەن، روھى يەنىلا بىر بالىكەن تېخى. روھى بەربىر بۇ يەردە مۇستەقىل ياشىيالمىغىدەك. سەن ئۇنىڭغا يەنە ئازراق ئۆمۈر بەرگىن، روھى چوڭلىۋالسۇن. ناۋادا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ روھىنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالىدىغان بولساق «ئانا» دەپ ماڭا، «دادا» دەپ ساڭا ئېسىلىپ گۇناھقا مەھكۇم بولغۇدەك. ئۇنداقتا ھەممىمىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، ئازابلايدۇ، بۇ ئالەمدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ...

- ئى پەرىشتە، - دەپ نىدا قىلدى ئاللا، - مەن ئۇنى ياراتتىم، ئەقىل بەردىم، ھېسسىيات ئاتا قىلدىم. بۇلار قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن دەپ جاسارەت ۋە قۇدرەتنى تۇتقۇزدۇم. ئەپسۇس، ئۇ پەقەت مەن روھىنى قاچىلاپ چۈشۈرگەن ساندۇق - تەنىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تاماملاندى، كۈن ئۆتكۈزدى... كۈن بويى موخوركىنى قاتتىق شوراپ تام تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ روھىي بىخلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن توي قىلدى، يەنە شۇ تەنىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن جۈپتىنى سۆيدى، - ئاللا ئېچىنغان ھالدا ئۇھ تارتتى، - مەن ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلدىم، ئۇلار دادىسىنىڭ ئەتراپىدا تىنىمسىز ئوينايتتى، كۈلەتتى... ئۇ، بۇ باللارنى ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى باققىنىنى دوراپ باقتى. باللارنىڭ ئاشۇ ئوماق ھالىتى ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىدى. روھى يەنىلا بوۋاق پېتى تۇردى. مەن قاتتىق ئېچىندىم، ئەپسۇسلاندىم. يىللار ئۆتۈۋاتاتتى، ئەتراپتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى. باللار چوڭ بولدى، بالاغەتكە يەتتى، ئۇنىڭ روھى يەنىلا شۇ پېتى ئىدى، ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆيلەپ قويغىنىنى دوراپ باللىرىنىڭ تويىنى قىلدى. نەۋرە كۆردى. نەۋرىلىرىمۇ چوڭ بولدى، بىراق ئۇنىڭ روھىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق ئىدى. مەن ئېچىندىم، سەن ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتىم، لېكىن يەنە بولمىدى. ھەممىدىن يامىنى ئۇنىڭ ئاشۇ مىجەزى باللىرىغىمۇ سىڭدى. ئۇنىڭ كۈنى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىپ ئاخىر قېرىدى. بىلىمەن، ئۇنىڭ روھى يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. لېكىن ئەمدى مەن ئۇنىڭ نەرىگە قاراپ ئۈمىدلىكرەك بولالايمەن؟! بەس ئەمدى، تاقەت قىلالمايمەن! تېز بېرىڭلار، ئەرشتە يۈز بېرىدىغان دىشۋارچىلىقنى تەڭ تارتارمىز...

ئاللا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە زېمىندىكى نۇرسىز كۆزلەرگە، كوچىلاردىكى جانسىز قەدەملەرگە، بەدبۇي ھاراق سورۇنلىرىغا، ۋارقىراپ - جارقىراشلارغا، مەنىسىز چاقچاق، قۇرۇق پاراڭلار بىلەن ھېجىيىپ تام تۈۋىدە ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغانلارغا، ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغان ئۆيلەردىكى بىكار تەلەتلەرگە غەمكىن كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ قاراپ چىقتى... ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى: «يەنە قانچىلىك بوۋاقنى، مەجرۇھنى جەننەتتە بېقىشقا توغرا كېلەر؟»

## مۇخلىس

(ھېكايە)

**ياسىنجان سادىق**

مەن باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئورغاقتەك ئېگىلىپ تۇرغان بۇ گەۋدىنى ئارقىسىدىن قاراپلا تونۇدۇم. ئۇ، كىرىسلودا خۇددى ساكيامۇنىدەك قېتىپ ئولتۇرغان باشلىقنىڭ ئالدىدا

ئىخلاسمەن مۇخلىستەك تۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى كۇسۇرلاۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا خۇددى چوڭ كوچىدا ئىشتىنىنىڭ ئىبغى يىرتىلىپ كەتكەن ئادەمدەك ساراسىمىگە چۈشكىنىچە باشلىققا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ، گويا «شاھ» نىڭ ئالدىدىن يانغان خىزمەتكاردەك كەينىچىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى. «شېرىن سۆھبەت» نى بۇزۇۋەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، باشلىق ماڭا: «ھە، نېمە گەپ؟» دېگەندەك قىلىپ ئالىيىپ قارىدى. مەن دەرھاللا قولۇمدىكى ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ چىقتىم. بۇ، مەن بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى. قاچانلا كىرسەم ئەنە شۇ ھالەت، ئەنە شۇ كۆرۈنۈش... بارا - بارا كۆزۈمگە باشلىقنىڭ بۇ ئىشخانىسى گويا بىر بۇتخانىدەك، باشلىقىمىز بولسا شۇ بۇتخانىغا قاتۇرۇپ قويغان بۇتساتۋادەك، ئۇ، ئىلاھقا چوقۇنغۇچى سادىق مۇخلىستەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— ھاي ئۇكام، باشلىقنىڭ ئالدىدىن ئۇنداق ئۇسكەكلەپ توغرا ئۆتمەيدىغان، ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. جىندەك توختاپ تۇرۇپ، باشلىق ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يولىڭىزغا ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ، سىلەر ياشلارزە، ئەدەب، قائىدە - يوسۇن دېگەنلەرنى قاچانمۇ ئۆگىنەرسىلەر... — دەپ كايىيتتى ئۇ باشلىقنىڭ ئالدىدىن ئالدىراش توغرا ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر ياش خىزمەتدىشنى كۆرگەندە، ئالايتەن كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، خالىس نەسىھەت قىلغان ھالدا.

— ئۇكاموي، تازىمۇ يارىماس قىلىقىڭىز بار ئىكەنغۇ سىزنىڭ، — دەيتتى ئۇ باشلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيلا سالام قىلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر ياشنى كۆرسە تەنقىدلەپ، — ئالتە كۇنلۇك نېرىدا تۇرۇپ، خۇشياقمىغاندەك ئېگىلىپ قويۇپ ماڭغۇچە، بىر نەچچە قەدەمنى ئۇشۇق ماڭسىڭىزمۇ باشلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىڭىز، ئالقىنىڭىز ئۇپراپ كېتەرمىدى.

— ماڭا قارىڭا سىڭلىم، تۈنۈگۈن كوچىدا باشلىقنىڭ ئالدىدىن ۋېلىسىپىتلىك ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ قىلىقىڭىز...

— باشلىق بىلەن ئەتىگەندىلا كۆرۈشكەن، شۇڭا...

— شۇنداق بولسىمۇ يەنە سالام قىلىپ كۆرۈشۈپ ماڭسىڭىز نېمە بولىدۇ. ۋېلىسىپىتتىن چۈشكەنگە ئايىغىڭىزغا توپا قونۇپ قالماستى.

— ماڭا قارىسىلا زاكىراخۇن، شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا باشلىقنى شۇنداقمۇ سەتلىگەن بارمۇ؟ ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى خاتا تۇرۇپ، مېنى ھاقارەتلىدى، دەملا؟ قويسىلا بۇ گەپلىرىنى. خاتا ئىش قىلغان ئادەم باشلىق بولالامدۇ؟ ئۇ دېگەن ئىدارىمىزنىڭ چوڭى، پۈتۈن بىر ئورۇننى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان كاتتا باش. خۇددى ئاتا - ئانىمىزغا ئوخشايدۇ. بىزچۇ؟ بىز دېگەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بالىسى. ئاچچىقى كەلگەندە ئاتا - ئانىنىڭمۇ بالا - ۋاقىنى ئانچە - مۇنچە دەشكۈشلەپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدىغۇ؟ باشلىققا دېگەن كۆز ئالايتىپ قارىغۇلۇق ئەمەس.

— ھوي قەيسەرجان ئۇكا، باشلىق سىزنى ھېلىقى ئىشنى بۈگۈنلا قىلىۋەتسۇن، دەيدۇ. نېمە؟ بۈگۈن قىلالمىسام بولمايدىغان ئىنتايىن زۆرۈر ئىشىم بار، دەمسىزا؟ بولدى قويۇپ تۇرۇڭ، باشلىق بۇيرۇغان ئىشتىنمۇ زۆرۈر ئىش بولامدۇ جاھاندا. باشلىق ئالايتەن بۇيرۇغاندىكىن بېرىپ شاققىدە قىلىۋېتىپ كەلمەمسىز؟

ئۇ، كۆن بويى ئەنە ئاشۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، كىملەرگىدۇر «ئەدەب - قائىدە» ئۆگەتسە، كىملەرگىدۇر «ۋەز» ئېيتىپ «نەسىھەت» قىلاتتى. كىملەرگىدۇر «يولداشلارچە» كۆيۈنۈپ، خالىس ھالدا «نۇقسانلىرى» نى كۆرسىتىپ قويسا، كىملەرگىدۇر «ئەمىر - پەرمان» يەتكۈزەتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ نەزىرىدە باشلىق خۇددى تىكلىپ قارىغىلى بولمايدىغان «ئىلاھ»، ھەر بىر بۇيرۇقلىرى خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان «سۈننەت»، «پەرز» ۋە «ۋاجىپ» لاردىن ئىبارەت مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەر ئىدى.

«ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتلىرىدە»، «ئىلتىپاتلىرى بىلەن»، «جانابلىرىنىڭ سايىسىدا»، «سىلىنىڭ دانا يوليورۇقلىرى بىلەن» دېگەنگە ئوخشاش «ئەدەبلىك»، «قائىدىلىك» سۆزلەر ھەر قاچان باشلىققا يولۇققاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار «ئالاھىدىلىكلىرى» بىلەن ئىدارە تەۋەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. ھەر قانداق بىر ئادەم باشلىققا ئالدىراپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشقىمۇ ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ «مۇخلىس» نىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويسا «ئىلاھ» نىڭ غەزىپىگە، جازاسىغا ئۇچراش ئاياغتىكى ئاشتەكلا ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىش ئىدى. ھېچكىم ئۇ بار يەردە باشلىق ھەققىدە بىر ئېغىز تىنالمايتتى.

چۈنكى بۇنداق پەۋقۇلئاددە جىددىي «ئاخبارات» لار شۇ زاماتلا «ئىلاھ» نىڭ كۆڭلىگە «چۈشۈپ» بولاتتى.

يېقىنقى ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى كۆتۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىرلارنى پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا ئۈندەش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش دولقۇنى «مۇخلىس» نىڭ «بۇتخانا» غا بېرىش قېتىم سانىنى خېلىلا كۆپەيتىپ قويدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن، مەيۈسانە كۆرۈنەتتى.

- بولدىلا، قىلىۋاتقان پارىڭىڭلارنى توختىتىۋالماڭلار ئۇكىلار، - دېدى ئۇ بۈگۈن، ئىدارىنىڭ يېقىنقى ۋەزىيىتى ھەققىدە قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان ياشلارنىڭ قېشىدا خۇددى ئەتىيازنىڭ پاشىسىدەكلا پەيدا بولۇپ، - باشلىقنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن ئەرزلەر تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللىنىپ، مەخسۇس دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپتۇ، دەمسىلەر؟ يوق پاراڭنى سالماڭلار ئۇكىلار، پەرىشتىدەك پاك بىر ئادەمگە قارا چاپلىغاننىڭ نېمە پايدىسى، تۆھمەتخورلۇقنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. باشلىققا قۇرۇقتىن - قۇرۇق تۆھمەت چاپلىغان بۇ قارا يۈزلەر چوقۇم جاجىسىنى يەيدۇ.

- ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھەق - ئادالەتكە كۆز يۇمغان، يامانغا يانتاياق بولغان ئاقيۈزلەرچۇ، ئاكا؟

قايسىبىر ياشنىڭ غەيرەتلىنىپ، مەسخىرە بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرغان تىلىنى قولاشتۇرۇپ قويدى.

- گەپ قىلماملا ئاكا، باشلىقنىڭ شەھەرنىڭ ئىككى بېشىدا قەد كۆتۈرگەن ئۈچ قەۋەتلىك ئايۋان سارىيى ئۇنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنىڭ كۈچىدىن بىر «سۇف» بىلەنلا پەيدا بولغان، ئۇنىڭغا قىلچىلىك ھارام دۇنيا، ھەقسىز مېھنەت ئارىلاشمىغان دېمەملا.

- سەن... سەن... - ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، تۇكۇچ سالغاندەك چوقۇر چىرايى قانسىراتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى.

- نېمىشقا كېكەچلەپ تۇرىلا ئاكا، باشلىقنىڭ ئاشۇ ئايۋان سارايلىرىنى سېلىش ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ماشىنا - تراكتورلاردا ياغاچ توشۇغان مەن ئەمەستىم دېمەملا. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى گىلەم، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، ئۈنئالغۇلارنى، بانكىدىكى تۈمەنلەپ پۇللارنى سوۋغا قىلغان ئادەملەرنى تونۇمايمەن، بۇ نەرسىلەرنى باشلىققا ۋەكالىتەن قوبۇل قىلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەرگەن ئادەممۇ مەن ئەمەستىم دېمەملا تايىنلىق. تېخى ئۆزلىرى «ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىمۇ بىلمەيلىغۇ دەيمەن.

- يا... لغان... پۇ.... تۈنلەي... تۆھ... مەت! باشلىق... بول... غان... ئا... دەمنىڭ... ئۈنچىلىك... ئىززەت - ھۆرمىتى... بولمىسا... بولامتى... ئەمىسە... سىلەر... قىزىل... كۆزلەر...

- يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندىمۇ بولسا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىۋالسىلا ئاكا، چوقۇنغان ئۇ ئىلاھلىرى سىلىدەك سادىق مۇخلىسىنى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈش تۈگۈل ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغان بولدى.

- يالغان گەپ! - ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى - دە، ئۇدۇل «بۇتخانا» غا قاراپ يۈگۈردى ۋە بىر نەچچە قەدەم چامداپلا ئاياغلىرى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئىككى قولىغا جۈپلەپ «بىلەيزۈك» سېلىنغان «ئىلاھ» ئىككى ساقچىنىڭ ئالدىدا سالپايغان ھالدا كېلىۋاتاتتى.

- خۇدايا توۋا! - دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ «ئىلاھ» قا قاراپ، چۈنكى ئۇ بۇ كۆرۈنۈشنى پەقەتلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى.

«ئىلاھ» نىڭ كۆزى «مۇخلىس» قا چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنى ساقچىلارغا كۆرسىتىپ، كىچىك بالىدەك داد - پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

- ھەممىنى قىلغان ئاشۇ! مېنى مۇشۇ كويغا، مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانمۇ ئاشۇ! ئۇ، ۋۇجۇدۇمدىكى پاكلىق، دىيانەت، ئىنساپ، ۋىجدانىنى ئاچكۆزلۈك، پاسىقلىق، خۇشامەتچىلىك، قۇلچىلىق مىكروبلىرى بىلەن چىرىتىپ تاشلىغان زەھەرلىك قۇرت! ئاھ، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداقلارنىمۇ جازالىمايسىلەر؟ ئەسلىدە ئۇ مەن بىلەن بىللە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدىغان، ھەق - ئادالەت سوتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئادەم ئىدى!...

ئۇ، غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ سۆزلەۋاتقان «ئىلاھ» قا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇ بارا - بارا چۈشەندى، ھېس قىلدى، كۆردى، ئاڭلىدى. «ئىلاھ» راستىنلا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىۋاتاتتى، قاغاۋاتاتتى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا قاتتىق بىرنى چىرقىراپ پالاقىدە يىقىلىپ چۈشتى - دە، ئاغزىدىن

بۇژۇلداپ كۆپۈك يېنىشقا باشلىدى. ئۇ بىر ھازا ئەنە ئاشۇنداق ياتقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ئۆزىگە مەسخىرىلىك قاراپ تۇرغان چىرايلارغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن تووۋلىدى:

- كىم ماۋۇ پوقنى يېگەن، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتىكەن؟!

# گۇۋاھچى

(ھېكايە)

**ئوبۇل مۇھەممەت**

ئۇ، كېلىۋاتقاچ ۋاللىدە يورۇغان تولۇنئاينى كۆرۈپ شۈركىنىپ كەتتى. لېكىن تولۇنئاي ئۇزاق ئۆتمەي قارا بۇلۇتلار ئىچىگە غايىپ بولدى. ئاسمان گۈمبىزىدە ھاسىل بولغان غەلىۋىردەك ئاقۇچ بوشلۇق بۇلۇتقا سىڭىپ تۈن قاراڭغۇسى يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ، بۈگۈن كېچىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى تىلەيتتى - قاراڭغۇلۇقنى، جىمجىتلىقنى، يېگانىلىقنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئاكاتسىيەلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يوغان - يوغان، بەك قېنىق تۇيۇلاتتى، غولى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بىردىنلا ئۇ قورام تاشقا ئۇسكەندەك تۇرۇپلا قالدى. ئاسمان، يەر، باراڭ، يوپۇرماق، مېۋە... ھەممە نەرسە قارا رەڭدە ئىدى. ئۆزۈم بارىڭى ھاسىل قىلغان بۇنداق دەھشەت قاراڭغۇنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئىلگىرىلىمەكتە. ھويلىلارنىڭ كىرلەشكەن ئىشىك تاختايلىرى ئاقىرىپ - ئاقىرىپ ئۆتىدۇ. بىر، ئىككى، ئۈچ... مانا ئالتىنچى ئىشىك. ئۇ گۈگۈت ياقتى. تەكرار ئوقۇپ يادا بوپكەتكەن، ئىككى كۈننىڭ ئاۋۋالقى مۇشۇنىڭدىن باشقا سۆزنى قىلماي كېلىۋاتقان نومۇر - ئىزدىمەكچى بولغان ئۆي. ئوششاق باللار بور بىلەن بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئىنچىكە، دادىسىنىڭ ئىسمىنى توم تارتىپ يېزىپ قويغان ئىسىم فامىلە - بەلگە ئېنىق.

- ياتقۇدا ئىتمۇ ئۈۋۈسىغا كىرىدۇ، - ئۇ، غودۇرىغىنىچە گۈگۈتنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

گۈگۈتنى ئۆچۈرۈشكە بارلىق مەۋجۇداتلار تېخىمۇ قارىيىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. مادارسىزلىنىۋاتقاندەك تىترەك ئىچىدە، كۆرۈش سېزىمىنى يوقاتقان - يوقاتمىغانلىقىنى سىناپ كۆزىنى چىڭ يۇمدى. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي قاراڭغۇلۇقتا قالغانلىقىنى سېزىپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ - ئۇۋۇلاپ ئاچتى.

باراڭ ئاستىدىن چىققاندا يول ئاقۇچ كۆرۈندى. ئۆي - دۆك، دەل - دەرەخلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇ، گويا زىنداندىن چىققاندەك ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلدى. ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ئۇزۇن تۇردى. تۇنجۇقۇشتىن قۇتۇلغاندەك تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. قوللىرىنى يېيىپ كېرىلدى. كېرىلگەندە، يانچۇقىغا چاشقان كىرىۋالغاندەك «شىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقىشىغا مەيدىسىنى تۇتۇۋالدى. مەيدە يانچۇقىنىڭ ئەتراپى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ، يانچۇقىدىكى تۈگۈچنى ئېلىپ بېغىشىغا چىڭگىۋالدى - دە، قورقۇپ قالدى. بىرسى كېلىپ گەپ سورىسا نېمە دەرمەن، دېگەن ئەندىشە خۇددى ياقىسىدىن يىلان كىرىۋاتقاندەك ۋۇجۇدىنى سارىسىمىگە سېلىۋەتتى، تۇرۇۋەرسە بولمايتتى. توساتتىن قورۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈش ھەۋىسى قوزغالدى.

ئاقارتىلغان ھويلا تاملىرى سامان يولىسىمان سىستېمىسىدەك تاشلىنىپ ياتاتتى. بىر، ئىككى... دەل ئالتىنچى ئىشىك. يەنە گۈگۈت ياقتى. نومۇر، ئىسىم فامىلە ئالدى ئىشىككە ئوخشاش.

- ياق، - دەۋەتتى ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە، - بايا بارغىنىم ئارقا ئىشىك ئوخشايدۇ. مەيلى، ئۆي بىرغۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇ تېڭىرقىغاندەك بولۇپ قالدى. بېغىشىغا چىڭگىلىگەن تۈگۈچنى سىيلاپ قويدى. دەرۋازا قانىتىنىڭ بىرى خىيالەن ئوچۇق ئىدى. ئۇ بوسۇغىغا پۇت قويدى.

ئۇ مۇشۇ ھويلىغا كىرەلمىگىنىدىن ئۆز ئىشىنىڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى، قانداق قىلىش ھەلەكچىلىكىدە بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقانلىقى، تونۇغان شۇنچە ئەرزىلىرىنىڭ مۇشۇ ھويلىغا يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى تەخمىن قىلغانلىرى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتۈپ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى.

ئۇ، تۇرۇپلا يالتىيىپ قالدى. كىرىپ دەماللىققا نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. تۈگۈچنى بۇرۇن بېرىش كېرەكمۇ؟ ئەرزىنىمۇ؟ دېگەندەك گادىرماچ خىياللار ئەقلىنى كەسكەنىدى.

ئۇ ئۆزىنى تىڭشاپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغىنىدا ياسىن سەتەڭنىڭ رىغبىتى، كۆرسەتكەن

يول - ئەقىللىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ پۈت - قولىغا جان كىرگەندەك بولدى.

- توخۇ تۈرنا ئاتالغان زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. چاھار بېغىدىكى بۇلاق بېشىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ مۈلكى ساتىراشىغا چاچ - ساقال ئالدۇرۇپتۇ. ساتىراش ئەڭ ئاخىردا ماقىيىغا ئۇستىرا سالاي دەپ تۇرۇشىغا:

- توختا! - دەپتۇدەك بىرسى.

ساتىراشنىڭ قولى تىترەپ تاس - ماس قاپتۇ چاتاق چىققىلى.

- نېمىگەپ؟! - ساتىراش ھۇرپىيىپ قاراپتۇ.

- قوپ! - دەپتۇ پادىشاھنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ ھېلىقى، - مېنىڭ چاچ - ساقىلىمنى ئېلىپ بولغاندا سېنىڭ ماقىيىڭنى ياسىسۇن.

ساتىراش قارىسا، پاختىلىق ئىشتاندىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق بىر دەرۋىش تەكەببۇرانە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئورۇندۇقىغا چۆككۈدەك.

ساتىراش ئۇنىڭ چاچ - ساقىلىنى ياساپ بولغۇچە پادىشاھ ۋەزىر - ھۆكۈمالىرى بىلەن كېڭەش قىپتۇ.

- قەتلى قىلىنىشى زۆرۈر! - دەپتۇ كۆپلىرى.

- ھۇرمەتلەپ كۈتۈپ، بىھوش قىلىۋېتىپ، پاختىلىق ئىشتانىنىڭ شىرىقلىرى تەكشۈرۈلسە، سىر ئاياندۇر، - دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

ئۇ دېگەندەك ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋىشنىڭ پاختىلىق ئىشتىنىنىڭ شىرىقلىرىدىن نوكچا - نوكچا ئالتۇن چىقىپتۇمىش، - ياسىن سەتەڭ ئۆزى سۆزلەپ بېرىۋاتقان رىۋايەتتىن كېرىلىپ دەيتتى، - ئەقىل - پاراسەت يانچۇقۇڭدىكى پۇلدا!

ئۇ، ياسىن سەتەڭنىڭ مەسلىھەتىنى ئورۇنلۇق ھېسابلاپ دىدىل قارارغا كەلدى - يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن. بوپتۇ، كىرەي. يامىنى كەلسە، بىر يىللىق كېۋەز پۇلۇمنى دو تىكەرمەن. ئەھۋالىمنى توگەل تىڭشاپ قالسىلا دەۋادا ئۇتقان بولىمەن. ئۇ چاغدا، جىنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇۋاتقان خۇمسىنىڭ بېشىدا ياڭاق چاقمىغىنىمنى كۆرسۇن.

ئۇ، بوسۇغا ئاتلاپ گويا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك روھلىنىپ كەتتى. رېشاتكىلانغان گۈللۈكتىكى غۇنچىدە ئېچىلغان ئەترە، رەيھان. . .لار كېچە سەلكىنىدە چايقىلىپ، مەستخۇش ھىدلىرى بىلەن مېڭىنى غىدىقلاپ ئادەمگە تېتىكلىك بېغىشلايتتى. چەپ دېرىزىدىكى نىل رەڭ پەردە ھاۋا توشقۇزۇلغاندەك يەلپۈنەتتى. ھويلا تىمتاس ئىدى. ئۇ، زەن سېلىۋىدى ئۆي ئىچىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز كەلگەندەك قىلدى. پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزىگە يېقىنلاشتى. راست، ئاۋاز. ئۇ، شۇركىنىپ كەتتى. ئۆيدە باشقا ئادەم بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ھەقتە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىش غەرىزىدە دېرىزە تۈۋىگە كەلدى:

- داۋامىنى سۆزلىگىن! - رىغبەت قىلغۇچىنىڭ تەلەپپۇزىدا مەسخىرە باردەك قىلاتتى.

ئۇ، سۆزلىمەكچى بولغۇچىنى ئەرز قىلىپ كەلگەن چېغى، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ دەردى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەۋىسىدە دېرىزە تۈۋىدىكى گۈللۈككە شىپپىدە چۆكتى.

- باياتىن بېرىقى دېگەنلىرىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟ - سۆزلىگۈچى ئىنجىقلىغاندەك ئىدى.

- يۇقىرىدا دېگەنلىرىڭىزنى ئىنكاس دېگىلى بولمايدۇ، بۇنى شىكايەت دەيمىز. كېرەك بولىدىغىنى پاكىت. كىمدە پاكىت بولسا، شۇ يېڭىدىغان گەپ، ئۇقتىڭىزمۇ!؟

- راست، پاكىت كېرەك، - سۆزلىگۈچى ئىنجىقلاپ - ئىنجىقلاپ دەيتتى، - سىزدىن سورايدىغىنىم: بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى كىشىلەر: يېزىمىزغا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋىلايەتتىن كېلىپ بەلەن قىلدى. يېزا - كەنت مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلساق قوبۇل تاپتى. سېلىقىمىز 27 خىلغا يەتتى. نېمە دېسە دېسۇنكى، جەرىمانە پۇللىرىنى نېمىگە خەجلىگەنلىكىنى ئېنىقلىتىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ. يېزىمىزدىكى بىر - ئىككى مۇناپىقنىڭ مىجىقىنى چىقىرىپ، ئاكسىنى قىرقىرىتىۋەتمىسەك ئادەم بولماي كېتەيلى. ئاۋۋال قولىمىزغا سايلام بېلىتىنى بىر ئالايلى، ئاندىن كېيىن كۆرسۇن. ئەمىلىدىن قالسىلا ياماقچىلىك قىممىتى يوق نېمىلەر ئۇ، دېيىشىپ قەسەم ئىچىشتى تېخى.

- ھوي! سەپسەتىڭىزنى قويۇپ پاكىت سۆزلەڭ دەۋاتىمەن، - رىغبەت قىلغۇچى ئۈستەلگە ۋاققىدە بىرنى ئۇردى.

- باشلىق يەتتە بالىسىدىن ئالتىنى ئوقۇتۇپ بولدى. بەشىنىڭ تويىنى تولىمۇ چوڭ قىلدى. يېمەمدۇ - ئىچمەمدۇ؟ كىيمەمدۇ؟ جىلمىيىپ تۇرغان بوت ئەمەستۇ ھەر قاچان، دېيىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر: قايسىمىز ۋەكىل بولۇپ قالساق، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ يازغان قولىمىزنى كېسىۋېتەرمىز ئىلاھىم، — دېيىشمەكتە. بۇ خىل ئۆسەكنى تارقاتقان گويىنى تاپتىم.

— كىمكەن؟! — رىغبەت قىلغۇچى سەكرىگەندەك قىلاتتى.

— كەتتىمىزنىڭ بوغالتىرى بولمامدۇ.

ئۆتكەندە ئۇنى، — ئىنجىق ئاۋاز دەيتتى، — پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قىلىپ ئۆستۇرۇپ «دۆتكە يىقىتىش» تەكلىپىنى بەرسەم ئەمەل بەرگىنىز كەلمىدى. چاۋىمىز چىتقا يېيىلىدىغان بولسىزە، سېلىنىۋاتقان ئۆيىڭىزنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى چالا ئىشلار شۇ پېتى قالارمىكىن. ئۇ نېمىلەرنىڭ باشلىقنىڭ ئۆيى پۇتتى دېگەنلىرى يامانلىقتىن بېشارەتمىكىن دەيمىنا.

— قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

— ئاغزىڭىزغا قارايمەن.

— ئامانلىقىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەيسىز - دە، - رىغبەت قىلغۇچى يۇمشاپ كەتكەندەك قىلاتتى،

— قىلالامسىز؟

— قىلماي! ئەممازە. . . بولسا، يانا بىر بالداق ئۆستۇرسىڭىز. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى يوليورۇق بولسىكەن دەيمىنا.

— ئىپادىڭىزگە قارايمىز، — رىغبەت قىلغۇچى ئورنىدىن قوزغالغان بولسا كېرەك، چىراغ نۇرىغا ئارىلاشقان يوغان كۆلەڭگە هويلا ئىچىنى گىرىمسەن قىلىۋەتتى، — بوغالتىرنى ئۆيىڭىزگە باشلاپ مېھمان قىلىڭ. ئارىلىقتا سىرتقا چىقىڭ - دە، ئىشىكىڭىزنى قۇلۇپلاپ، پەيچۇسوغا مەلۇم قىلىڭ. خوتۇنىڭىزدىن كەچسىڭىزلا ئىش پۇتىدۇ.

قالدى ئىشلارغا مەن تەييار. . .

«مەن ئىزدىگەن هويلا بۇ ئەمەسكەن، ئالۋاستىلار ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغىنىمنى كۆر».

ئۇ، سەكرەپ تۇرۇپلا كەتتى. ئىنجىقلاپ سۆزلىگۈچى ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللار ئۇز كەچمىشلىرىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئېيتقان ئەھۋاللار قەيەردىكى ئىش، هېلىقى بوغالتىر قەيەرلىك ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بوغالتىرغا، بوغالتىرنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ھېسداشلىقى قوزغالدى. ئەمما بوغالتىرنى ئاگاھلاندۇرالمايتتى. ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. غىپپىدە چىقىپ كېتەي دېسە، بىر بىگۇناھ قىلتاققا چۈشەتتى.

«مەردىنىڭ يۇرتى بولمايدۇ». ئۇ، بىردىنلا غەيرەتلىنىپ كەتتى. «ھەققە ئېرىشىش يولىدا ئۆلگەنلەرمۇ باتۇر ھېسابلىنىدىغۇ. مۇشۇ ئىككىسىنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتسەك جەرىمانە يوقاپ قالسا ئەجەب ئەمەس». ئۇنى بىر مەۋھۇم كۈچ قوزغىتاتتى.

— زىيانكەشلىك قىلمىشا! — ئۇ، گۈلدۈرلىگەن ۋارقىرىغىنىچە ئېتىلدى.

— ۋايجان! ئوغرى. . . ئوغرىنى تۇتۇڭلار! — ئايالنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى قورۇدىكىلەرنى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ساراسىمىگە سېلىۋەتتى.

ئۆيدىكى ئىككى ئەركەك ئېتىلغىنىچە چىقىپ قوللىرىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن ئۇنى ئۇر - سوق قىلىشقا باشلىدى. قولۇم - قوشنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ توپلىنىشقا باشلىدى. هويلىدىكى چىراغ يېقىلىشىغا ئىش ئايدىڭلاشتى. ئۇنىڭ بېغىشىدا قىزىل رەختكە ئورالغان تۇگۈچ ساڭگىلاپ تۇراتتى. پېشانىسىدىن ئاقار شەربەتتەك قان سىرغىۋاتاتتى. بىرسى كېلىپ تۇگۈچنى يېشتۇندى تويلانغانلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىشتى. باغلام - باغلام تىزىلار چىراغ نۇرىدا كۆكى كۆك، ئېقى ئاق پارلىدايتتى.

— ئاشۇ پۇللىرىمنى ئوغرىلىدى، — ئايال ئىچ كۆڭلەكتە لىغىرلاپ تۇرغان بەدەنلىرىنى تەۋرىتىپ يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ دېدى، — قاراقچىلار بىزنى بۇلىغان يەردە، پۇقرالارغا قاي كۈن ئەمدى.

ئۇ، ئادەملەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بۇ ئۆيگە قايسىڭ مېھمان؟ ئۇ گويىنى ئۆلتۇرۇۋېتىمەن.

ئۇ ۋارقىراپ يۈگۈرۈشكە ئايالنىڭ قولىدىكى چۈگۈن ۋاللىقىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چۈگۈندىن تۆكۈلۈۋاتقان سۇ ئاسفالت هويلىغا يامراشقا باشلىدى.

— تېخى، مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك، دېگەندەك ھۆركىرەيدىيا ماۋۇ ئوغرى، — شوپۇر بولسا كېرەك، تەتۈر ئۇستىخان بىرسى ئۇنى بىرنى قويۇپ تىك مۇللاق چۈشۈرۈۋەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ساقچىلار يېتىپ كەلدى - دە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش بۇيرۇقى جاراڭلىدى:

— سەمەت ئوغرىلىغان مىڭ يۈەن زالىك پۇل زىيانلانغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىلسۇن. مەزكۇر ئوغرىنىڭ باشقا مەسىلىلىرى ئېنىقلانغانغا قەدەر سولاقخانىدا توختىتىپ قويۇلسۇن. M1






(تارىخىي ئوپېرا)

- بۇ تارىخىي ئوپېرا «سىگاھ» مۇقامى بىلەن ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان

**مۇھەممەتئېلى زۇنۇن**

## قاتناشقۇچىلار

**ئىمام مۇھەممەت - 25 ياش**

نۇر ئامىنەم - 17 ياش

غازىبەگ - ئىمام مۇھەممەتنىڭ ئاتىسى، 50 ياش

تەشنائى - مەشھۇر مۇقامچى، 75 ياش

ھېساملىددىنباي - نۇر ئامىنەمنىڭ ئاتىسى، 50 ياش

نۇر ئەلا خېنىم - نۇر ئامىنەمنىڭ ئانىسى، 40 ياش

سەئىدۇللا ئىشان - خوجىزادە، 60 ياش

سەپەر سوپى - سەئىدۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتى، 50 ياش

سەلەي سوپى - سەئىدۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتى، 50 ياش

تەۋەككۇل - بايۋەتچە، 17 ياش

قاسىم قىمار - 40 ياش

ھەربىي ئەمەلدار - 50 ياش

پىشقەدەم دېھقانلار، يىگىت - قىزلار، چېرىك



www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

(ئېلانچى نەزمىسى)

كىممۇ يالغۇزلۇقتا كۈچ - دەرماندىن ئايرىلمىغان،
نى گۈزەل، نى - نى گۈزەل ئارماندىن ئايرىلمىغان؟
ئۆرسەك تارىخىي ۋاراق ئۆرتىنىپ كۆيمەمدۇ جان،
قانچە پالۋان ئۆز ئۇرۇق - تۇغقاندىن ئايرىلمىغان؟

بىرسى «ئاق تاغلىق» بولۇپ، بىرسى «قارا تاغلىق» بولۇپ،
جەڭ - جېدەللەر ئىچرە كىملەر جاندىن ئايرىلمىغان؟

ئاڭلا، يۇرتۋازلىق دېگەن كەلكۈن - قىياندىن مىڭ يامان،
بۇ يامان ئاپەتتە كىم جانانىدىن ئايرىلمىغان؟

جان پىدا ئەتكەي بۈيۈك بىرلىك ئۈچۈن - ھۆرلۈك ئۈچۈن،
بولسا كىم ئىدراك - ئەقىل، ئىماندىن ئايرىلمىغان؟

## 1 - كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1947 - يىل 5 - ئاي، ئەتىگەن.

سەھنىدە: غازىبەگنىڭ پېشايۋانلىق ھويلىسى.

[پەردە ئېچىلىش مۇزىكىسى «دوست خېنىم» ناملىق ئاتۇش خەلق ناخشىسىنى ئاساس قىلىدۇ. بىر كۇپلېت ناخشا يالغۇز ئەر كىشى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، كۈچلۈك ئومۇمىي خور تەرىقىسىدە تەكرارلىنىدۇ.]

ناخشا:

ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە،
يۇرايدۇ بەشكېرەم باغى.
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن،
ھىجران ئوتىنىڭ داغى.
دوست خېنىم ئامان - ئامان،
يار دەردىڭ يامان.

[مۇزىكىنىڭ ئاخىرى «سىگاھ مۇقامى» نىڭ مۇقەددىمىسىگە ئۆزگىرىدۇ. تەشنائى ناخشا بىلەن كىرىدۇ.]

تەشنائى: ناخشا:

(«مەنى ئاۋارە بولغانغا پىراق ئوتى داۋا ئەرمىش» ئاھاڭىدا)
سېنى بەگ ئەيلىدى ئاللا، پەخىرلەن، ئىپتىخار ئەيلە،
ئىگەم پەرمانى بەر ھەقتۇر، يۈرەك - باغرىڭغا يار ئەيلە.

سېنىڭ يەلكەڭدەدۇر، بىلسەڭ، كۆيۈمچان مىڭ ئاتا قەرزى،
ئانا يۇرتۇڭنى پاك مېھرىڭ نۇرى بىرلە باھار ئەيلە.

ئەزىزلەيدۇ سېنى يۇرتداش ئاتام دەپ، غەمگۈزارىم دەپ،
بۇ ئۇتلۇق سۆيگۈ - ھۆرمەتنى قەدىرلە، ئەتىۋار ئەيلە.

جاھاندىن ئۆتتى سانسىز شاھ، ئېتى قالدى ساناقلىقنىڭ،
كۆمۈلمەس بۇ ھەقىقەتنى ئۆزۈڭگە تىلتۇمار ئەيلە.

ئانا يۇرت بەختى - ئىقبالى ئۈچۈن كۆيگەنلەر ئۆلمەيدۇ،
ئىمانىڭ كۈچ - قۇۋۋەت تاپسۇن، بۇ يولدا تاڭ بىدار ئەيلە.

بىلەمسەن، بىر بالا - ئاپەت خاراب ئەتمەكتە يۇرتۇڭنى،
ھالال ھۆكمىڭگە ئەل تەشنا، مۇناسىپ بىر قارار ئەيلە.

راۋا كۆرمەيدۇ ئاللامۇ ئەجىرسىز مېۋە كۈتكەننى،
مازار - گۈمبەز ئارا مەيلى تۆكۈپ ياش ئاھۇ - زار ئەيلە،

خۇدامۇ مەردۇ مەردانلار مەدەتكارى، پاناھىدۇر،
بۇ ئاپەت ئەجدىھارنى ئاياغ ئاستىڭدا خار ئەيلە.

بولۇپ مەردانە سەركەردە، زەپەرگە يول ئېچىپ پارلاق،
ئانا يۇرت ئەھلىنى غەمدىن خالاس ئەت، بەختىيار ئەيلە.

[ناخشىنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرى ئوقۇلۇۋاتقاندا، غازىبەگ چىقىدۇ، سالام بىجا كەلتۈرىدۇ. مۇقەددىمە ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ بىر توپ ئاياللار ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن كىرىدۇ.]

ناخشا:

(تەزە - «ۋەھكى ئىشقىڭ زاھىر ئەتسەم ۋە ھىم ئېرۇر ئۆلمەك ماڭا» ئاھاڭىدا.)

بەگ ئاتا، تەشنا زېمىن - تۇپراققا بىر سەپسالغىنا،
سارغىيىپ سولغان گىياھ - ياپراققا بىر سەپسالغىنا،
(بەگ ئاتا. . . چاڭقىغان گۈلباغقا بىر سەپسالغىنا،)

تامچە سۇغا زار بۇلاق، ئۆستەڭ - ئېرىقلار باغرى چاك،
زارى يىغلاپ كۆزگە چۈشكەن ئاققا بىر سەپسالغىنا،
(بەگ ئاتا . . . باغرى چاك ھەر ياققا بىر سەپسالغىنا.)

يەردە مال، ئاسماندا قۇش بەرمەكتە تەشنالىقتا جان،
نالە قىلغان قوي، قوزا - ئوغلاققا بىر سەپسالغىنا،
(بەگ ئاتا. . . ھەر قۇلۇن - تايچاققا بىر سەپسالغىنا.)

غازىبەگ:

بىر كۆرۈپ باقماقچى بولساڭ بۇ يۈرەك - باغرىمنى سەن،
ئوت ئارا يۈز پارە ئاق بالداققا بىر سەپسالغىنا،

(ياز - تومۇز ئاپتاپقا يايغان قاقلا بىر سەپسالغىنا.)
ئەل غىمىدە، تاش بولۇپ قاتقان بېشىمنىڭ ئۈستىدە،
تىنجىماس گۈلدۈرماما - چاقماقتا بىر سەپسالغىنا.
(جانلىرىم، يارەنلىرىم، چاقماقتا بىر سەپسالغىنا.)

[ئىمام مۇھەممەت ناخشا بىلەن كىرىدۇ.]

ناخشا:

(تەزە چۇشۇرگۇسى - «ئەي نەۋائىي، گەر ماڭا كۆپرەك ئەمەس ئۆمىدى ۋەسىل» ئاھاڭىدا)

ئۆرلىمەكتە كۆك تامان دەريانى چاقماق دولقۇنى،
بۇ ئېقىن مەنبەسى - ئاقباش تاغقا بىر سەپسالغىنا.
(جان ئاتا... چاقماقتا، قارلىق تاغقا بىر سەپسالغىنا.)

**غازىبەگ:** ئوغلۇم ئىمام مۇھەممەت!

**ئىمام مۇھەممەت:** ئاتا! (قۇچاقلىشىدۇ.)

**تەشنائى:** ئىمام مۇھەممەت بەگزادە قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر خانلىق مەدرىسەنى ئەلىيۇلئەلا تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى!

**ھەممەيلەن:** مۇبارەك بولسۇن، بەگزادە!

**ئىمام مۇھەممەت:** رەھمەت سىلەرگە. ھۆرمەتلىك ئاتا، قەدىرلىك ئۇستازىم، ئاتوشلۇق ساۋاقداشلىرىمدىن ئاڭلىشىمچە، چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىكەن، ئاتوش ھازىر سۇ ئاپىتى گىردابىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ يەر بولسا، قۇرغاقچىلىق ئىسكەنجىسىدە.

**غازىبەگ:** دۇرۇس، ئوغلۇم، تېخى يەتتە - سەككىز يىل ئالدىدىلا ئۇستۇن ئاتوش قورغان بىلەن، ئاستىن ئاتوش بىز بىلەن بىر ئىدى. چاقماق دەرياسى سۈيىنىڭ تۆتتىن ئۈچ ئۈلۈشىنى بىز تۇتاتتۇق. شىڭ شىنسەي دېگەن جاللات بىزنى ئايرىۋەتكەندىن بۇيان ئاتوش زېمىنى زەيلىمەكتە، بەشكېرەم بولسا...

[جەندە - كۆلاكىيگەن بەدەھيۇەت سوپىلار جەرە سېلىپ كىرىدۇ:]

كەلدى ئۇستاز - ئەۋلىيا، ھۇۋ،
باسقان ئىزى تۇتىيا، ھۇۋ.
پىرىم سالسا بىر نەزەر، ھۇۋ،
داۋا تاپقاي بىداۋا، ھۇۋ.
ھۇۋى ئاللا، ھۇۋ،
ياپ، يۈزۈڭنى ياپ!

ئەۋلىيانىڭ ئۆزىنى، ھۇۋ،
كۆزگە سۈرگىن ئىزىنى، ھۇۋ.
سۆيسەڭ بېھىش يۈزىنى، ھۇۋ،
ھەدىس بىلگىن سۆزىنى، ھۇۋ.
ھۇۋى ئاللا، ھۇۋ،
ياپ، يۈزۈڭنى ياپ!

[سوپىلار جەرە سېلىپ مەيداننى ئايلىنىپ ئايالارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. سەئىدۇللا ئىشان خوجا تەكەببۇرانە قەدەم تاشلاپ كىرىدۇ.]

**غازىبەگلەر:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەئىدۇللا ئىشان خوجا ھەزرەتلىرى، ئىززىتانە قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي.

**سەئىدۇللا ئىشان:** (نەزم)

غېرىب - غۇرۋانە بۇ يۇرتنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم،
قارا تۇپراقىدا تەكبىر - تىلاۋەت قىلغىلى كەلدىم.

**سوپىلار:** ھەق - راست.

**سەئىدۇللا ئىشان:**

بوۋام ئافاق خوجام تەنھا مىراس ئەتمىش ئۇدۇم بىرلە،
ئەقىل يەتمەس ئاجايىپ بىر كارامەت قىلغىلى كەلدىم.

**سوپىلار:** خوش - خوش.

**سەئىدۇللا ئىشان:**

ئەجەل ئىسكەنجىدە پەرياد ئۇرۇپ ياتقان زەئىپلەرگە،
پىرىمنىڭ نامىدىن خەيرى - ساخاۋەت قىلغىلى كەلدىم.

**سوپىلار:** خوش - خوش.

**غازىبەگ:** قۇرغاقچىلىق دەردىنى تارتىۋاتقان بەشكېرەم خەلقى ھەممەت - مۇرۇۋۋەت، خەير - ساخاۋەتلىرىگە تولىمۇ مۇھتاج. جاناب سەئىدۇللا ئىشان خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتى نېمىكىن؟

**سەئىدۇللا ئىشان:** خام!

**سوپىلار:** ئاپئاق ماتا!

**غازىبەگلەر:** ماتا؟

**سەئىدۇللا ئىشان:** ھارۋا - ھارۋا ئاق ماتا!

**سەپەر سوپى:** ھەزرىتى ئافاق خوجام روھى - ئەرۋاھىنىڭ مۇبارەك نەزرى چۈشۈپ تۇرىدىغان شەربەت كۆلنىڭ سۈيىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز چىلاپ، خوجام ھەزرەتلىرى مازارىنىڭ جۇلالىق ئاپتىپىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قۇرۇتقان ماتا بۇ!

**سەلەي سوپى:** ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىغان ھەر قانداق كىشى بۇ ماتادىن ئاپئاق لىباس كىيىۋالىدىغان بولسا، ئاھ خۇدا، سەككىز جەننەت ھۆرلىرى...

**سەپەر سوپى / سەلەي سوپى:** مەرھابا، ئەھلى مۇسۇلمان. (تازىم قىلىشىدۇ).

**غازىبەگ:** خوش، يەنچۇ، ھەزرىتىم؟

**سەئىدۇللا ئىشان:** جاۋابنامە! (مۆھۈرلۈك خەتنى غالىبانە قىياپەتتە كۆرسىتىدۇ.)

**غازىبەگلەر:** «جاۋابنامە»!؟

**سوپىلار:** جەننەتنىڭ يول خېتى!

www.uygharkitap.com

سەئدۇللا ئىشان: بىلەمسىلەر، نېمىشقا تۇرپان دىيارىنىڭ ئاستى كۆل، ئۈستى چۆل بولۇپ قالغان؟

غازىبەگ
تەشنائى
: ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن، تەقسىر.

سەئدۇللا ئىشان: دۇئايىبەتكە كەتكەن، دۇئايىبەتكە!

سوپىلار: ھەق - راست، دۇئايىبەتكە كەتكەن.

سەئدۇللا ئىشان: بەشكىرەملىك نادانلارمۇ پىرزادىلىرىمىزنىڭ قەھرىگە يولۇققان، قارغىشىغا كەتكەن!

سوپىلار: دۇئايىبەتكە كەتكەن!

ئىمام مۇھەممەت: سەۋەبى نېمىدۇ، تەقسىر؟

سەئدۇللا ئىشان: قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ - چىقىشتا ئۇلۇغ ئافاق خوجام مەقبەرىسى يېنىدىن ئۆتىدۇ - يۇ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشمايدۇ.

سەلەي سوپى: سوكسوك ئېشەك، قىرچاڭغۇ ئاتلىرىدىن چۈشمەي ئۆتۈشىدۇ!

سەپەر سوپى: پىر زادىلىرىمىزنىڭ روھى - ئەرۋاھىغا ئاتاپ باغ پۇراتمايدۇ، مازار - خانىقالارنى يوقلاپ تۇرمايدۇ، گۇناھ - كەبىرلىرى تولا!

سوپىلار: ھەددىدىن زىيادە!

سەئدۇللا ئىشان: شۇ ۋەجىدىن بۇ يۇرتقا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈزلەندى.

سوپىلار: ھەق - راست.

سەئدۇللا ئىشان: ئۆلمەكلىك ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەكلىك بەرھەق. شۇنداقمۇ؟

ھەممەيلەن: ئەلۋەتتە.

سەئدۇللا ئىشان: قاپقارا گۆر ئىچىدە كۆزىنى ئاچقان ھەر قانداق مېيىت تۆمۈر توقماق تۇتۇپ تۇرغان بەدھەيۋەت سوراقچى پەرىشتىلەرنى كۆرىدۇ.

سوپىلار: كۆرىدۇ - جەزمەن كۆرىدۇ.

سەئدۇللا ئىشان: قورقۇپ، تىلى تۇتۇلۇپ، زۇۋان يۇرەلمەي قالىدۇ.

سوپىلار: يا ھەزرەت، يا پاناھ...

سەئدۇللا ئىشان: رەببىڭ كىم، رەسۇلۇڭ كىم؟ قاتارلىق سوئاللاردىن كېيىن «مەزھىبىڭ قايسى؟» دېسە، نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن؟ ئەي قارىي بالا، سەن دەپ باققىنە! پىر - ئۇستازىڭ قايسى؟ دەپ سورىسىچۇ؟

سەپەر سوپى: پىر - ئۇستازىم ھەزرىتى ئافاق خوجام ئالىيلىرى، دەڭ.

سەلەي سوپى: دەڭ، ئىمانسىز كېتىسىز بىكار. نېمانداق جاۋاب بەرمەيسىز؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

ئىمام مۇھەممەت: بۇ ئەنگۈشتەرنىڭ باماسىغا يەتكىلى بولارمۇ - بولماسمۇ؟ دەپ ئويلاۋاتىمەن.

سەئدۇللا ئىشان: قول - ئىلكىدە بارلار بىرەر باغ - مويلا، توققۇز - ئون مو يەر، قولى قىسقىراقلار بىرەر ئات - تۆگە، كالا - قوتاز، قوي - قوزا بەرسىلا...

ئىمام مۇھەممەت: ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىغانلارچۇ، ئىشان خوجام؟

سەئدۇللا ئىشان: پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرىدۇ - دە.

سوپىلار: بارىدىغان يېرىگە بارىدۇ - دە!

ئىمام مۇھەممەت: كەچۈرگەيلا، ئىشان ھەزرەتلىرى، بەشكىرەم خەلقى ھازىر كېيەن بىلەن ئاخىرەتنىڭ يول خېتىگە ئەمەس، سۇغا مۇھتاج!

سەئدۇللا ئىشان
سوپىلار
: نېمە؟

ئىمام مۇھەممەت: ئۇ دۇنياغا ئەمەس، بۇ دۇنياغا، ماماتلىققا ئەمەس، ھاياتلىققا مۇھتاج.

سەئدۇللا ئىشان: نېمە؟ سىلەرمۇ شۇنداق دەمسىلەر؟

غازىبەگ
تەشنائى
: شۇنداق، ئىشان خوجام.

سەئدۇللا ئىشان: بۇ - خۇدا بەرگەن جازاغا شۈكرى قىلمىغانلىق، يولدىن چىققانلىق! بېرىڭلار، ساخاۋىتىمىزنى ئەلگە يەتكۈزگەچ تۇرۇڭلار!

سوپىلار: خوپ، ئىشان خوجام ئالىيلىرى (چىقىپ كېتىدۇ).

ئىمام مۇھەممەت: (دىل بايان) نادان خەلقنى يەنە قاقتى - سوقتى قىلىشىدىغان بولدى - دە! (ماڭىدۇ.)

تەشنائى: بەگزادە، (قېشىغا بېرىپ) تەخىر قىلسىلا.

ئىمام مۇھەممەت: «جەننەتنىڭ يول خېتى» دېگەنمۇ گەپمۇ؟ قومۇش قەلەمدە يازغان بىر جاۋابنامىنى ئەمەس، خۇدانىڭ كالامىنى تېگىپ قويسىمۇ يەنىلا ھەر كىم بارىدىغان يېرىگە بارىدۇ - دە.

تەشنائى: ئۇغۇ شۇنداق، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار، ئازراق تەخىر قىلسىلا.

سەئدۇللا ئىشان: نېمە پىچىر - پىچىر. ئۇ؟

تەشنائى: يۇرتداشلىرىمىز توسۇلۇپ قالغان چاقماق دەريا سۈيىنى ئېچىپ كېلىش غۇلغۇلىسىنى قىلغانىدى، تەقسىر. بىزمۇ شۇ ھەقتە...

سەئدۇللا ئىشان: گۇناھ! خۇدا بەرگەندىن ئارتۇقچا قول ئۇزىتىش گۇناھ!

ئىمام مۇھەممەت: ئاللانىڭ كالامىدا مۇنداق دېيىلگەن، تەقسىر: «ۋە خەلق نەلەكوم، مافىل ئەرزى جەمئىيە». بۇنىڭ مەنىسى: «يەر - زېمىننى سىلەرنىڭ پايدىڭلار ئۈچۈن ياراتتىم»

دېگەن بولىدۇ.

سەئىدۇللا ئىشان: بۇ دۇنيانىڭ راھىتىگە بېرىلىش - گۇناھ. ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بۇ دۇنيانى ئەمەس، ئۇ دۇنيانى ئارزۇلايدۇ.

ئىمام مۇھەممەت: قۇلاق سالسىلا، ئىشانىم، جاناب رەسۇلىللا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەڭ ياخشى ئادەملەر ئۇ دۇنيانى دەپ بۇ دۇنياغا سەل قارايدىغان ياكى بۇ دۇنيانى دەپ ئۇ دۇنياغا سەل قارايدىغان ئادەملەر بولماستىن، ھەر ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەملەردۇر.»

[غازىبەگ بىلەن تەشنائى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ.]

سەئىدۇللا ئىشان: (ئوڭايسىز ھالەتتە) بۇ... تالىپچاق، يوق... يوق گەپ.

[ھەربىي ئەمەلدار چەمبەرچەس باغلانغان ئىككى - ئۈچ دېھقاننى دەشكۈشلىگەن ھالدا كىرىدۇ، يېنىدا قوراللىق چېرىك.]

ھەربىي ئەمەلدار: گەپ قىل، ئۆلەرمەن قېرى، بېگىمنىڭ ئالدىدا دە: شىلىلىڭدىكى قەرزلەرنى تۆلەمسەن - يوق؟!

دېھقان: سەن قەرزدارمۇ، مەنمۇ؟ خۇدانىڭ دەرگاھىدا ھېسابلىشىۋالارمىز، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

ھەربىي ئەمەلدار: نېمە دېدىڭ، ھايۋان؟

دېھقان: ئۈزۈڭ!

غازىبەگ: تۆلەيمەن، خۇدايىم بۇيرىسا، يازلىق ئورۇم - يىغىمدىن كېيىنلا تۆلەيمەن دەيدۇ.

تەشنائى: راست، شۇنداق دېدى.

ئىمام مۇھەممەت: شۇنداق دېدى.

غازىبەگ: تۆلەپ كەلگەن، يەنە تۆلەيدۇ.

ھەربىي ئەمەلدار: سىز ھۆددە قىلالامسىز؟ كېپىل بولالامسىز؟

غازىبەگ: ئەلۋەتتە.

ھەربىي ئەمەلدار: مۆھلەت؟

غازىبەگ: ئىككى ئاي.

ھەربىي ئەمەلدار: تاپان ھەققى؟

غازىبەگ: مانا 10 سەر تەڭگە.

ھەربىي ئەمەلدار: ئارغامچا پۇلى؟

غازىبەگ: مانا ئۈچ سەر.

ھەربىي ئەمەلدار: قامچا ھەققى!

غازىبەگ: (ھەيران قالىدۇ.)

سەئىدۇللا ئىشان: بېرىڭ، غازىبەگ، قامچا ئۇرۇشقىمۇ كۈچ سەرپ بولىدۇ - دە؟ شۇنداقمۇ، خوجايىن ئالىيلىرى؟ بېرىڭ، بەش سەر ئاق تەڭگە ئۈزىتىڭ، غازىبەگ.

غازىبەگ: بولىدۇ، ئىشان خوجام، مانا بەش سەر - قامچا ھەققى!

ھەربىي ئەمەلدار: (تەڭگىلەرنى ئېلىپ) يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، غازىبەگ، مۆھلەت - ئىككى ئاي! يۈر (چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ).

سەئىدۇللا ئىشان: ئامان بولسىلا، خوجايىن. چېرىكنى قورۇق ياندۇرمايدىغان ئىش ئىدى، غازىبەگ، قورۇق كەتكىنى يامان بولدى.

[ئىمام مۇھەممەت، تەشنائىلار باغلاقتىكىلەرنى يېشىدۇ. بوۋاي غازىبەگ بىلەن سەئىدۇللا ئىشان قاتارلىقلاردىن مەدەت، رەھىم - شەپقەت تىلەپ ناخشا باشلايدۇ.]

(نۇسخا - «كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭ جان پارە - پارە» ئاھاڭىدا)

ئەيلىدى باغرىمنى ھەسرەت پارە - پارە،
قاتمۇ قات بۇ قايغۇ - كۈلپەت پارە - پارە.

تويمىغۇر قاسساپ بىلەيدۇ قوش پىچاق،
پۇت - قولى باغلاقتا بەند قوي بىز بىچارە.

كەتتىلەر يۇرتتىن تېزىپ نى - نى كىشى،
بولدى گويا ئەل - جامائەت پارە - پارە.

بەگلىرىم، ئىشانلىرىم، ئەيلەڭ جاۋاب،
بۇ قارا تەقدىرگە بارمۇ - يوقمۇ چارە؟

[ناخشا ئېيتىلىش جەريانىدا بىر بۆلۈم يىگىتلەر كىرىپ، بوشانغانلاردىن ھال سورايدۇ، ئىمام مۇھەممەتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلىگەچ ناخشىغا جۆر بولىدۇ.]

سەئىدۇللا ئىشان: شۈكرى قىل، كۆپپار بولسەن، شۈكرى قىل!

بوۋاي: شۈكرى قىلمىدىمەن، تەقسىر؟

سەئىدۇللا ئىشان: ئەلۋەتتە. ئاز - تولا قامچا يېگەن بولساڭمۇ، ھايات قالغىنىڭغا شۈكرى قىل، باغلانغان بولساڭمۇ، دارغا ئېسىلمىغانغا شۈكرى قىل.

ئىمام مۇھەممەت: ئىشان خوجا ھەزرەتلىرى توغرا دەيدۇ. (نەزم:)

شۈكرى - شۈكرى تىللىسىمۇ ئۇرمىغانغا،
يىگىتلەر: شۈكرى!
ئىمام مۇھەممەت: ئۇرغاندىمۇ بەل - قوۋۇرغام سۇنمىغانغا.
يىگىتلەر: شۈكرى!
ئىمام مۇھەممەت:
ھەرنە قىلسا مەھرۇم ئېتىپ نۇر - يورۇقتىن،

www.uyghurkitap.com

قاپقارائىغۇ زىندانىدا قويمىغانغا.
**يىگىتلەر:** شۈكرى!
**ئىمام مۇھەممەت:**
قاپقارائىغۇ زىندانىدا قويغاندىمۇ،
تىلىم كېسىپ، كۆزلىرىمنى ئويمىغانغا.
**يىگىتلەر:** شۈكرى!
**ئىمام مۇھەممەت:**
تىلىم كېسىپ، كۆزلىرىمنى ئويغاندىمۇ،
گال پىچاقتا تولۇمچىلاپ سويمىغانغا!
**يىگىتلەر:** شۈكرى!
**ئىمام مۇھەممەت:**
شۈكرى - شۈكرى تولۇمچىلاپ سويمىغانغا،
يۈرىكىمنى كاۋاپدانغا قويمىغانغا!
**كۆپچىلىك:** شۈكرى - شۈكرى!

**سەئدۇللا ئىشان:** ئەي قارغىش قېپى ياۋايىلار، كۆرۈشسەن، باغلىرىڭ قۇرۇپ چۆلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، كۆرۈشسەن! (چىقىپ كېتىدۇ.)

**ئىمام مۇھەممەت:** قان - قېرىنداشلىرىم، ئاتۇش خەلقى چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيىنى سىغدۇرالمايۋېتىپتۇ. بىز بولساق، تەشنالىق ئازابى تارتماقتىمىز. ئەمەلدارلار قەرز سۈيلىمەكتە. ئىشان - خوجىلار بىزنى ئۇ دۇنيانىڭ تەييارلىقىغا ئالدىراتماقتا. بۇ دۇنيا بىلەن ئاسانلا خوشلاشقىمىز يوق، شۇنداقمۇ؟

**كۆپچىلىك:** شۇنداق!

**ئىمام مۇھەممەت:** يىگىتلەر چاقماق تەرەپكە ئاتلانساق.

**يىگىتلەر:** بىز تەييار!

**ئىمام مۇھەممەت:** ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانا، ئۇستازلىرىمىز ئاقيول تىلەپ دۇئا بەرسە.

**پېشقەدەملەر:** باركاللا، يىگىتلەر!

**تەشنائى:** ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

**ھەممەيلەن:** ئامىن!

ناخشىلىق ئۇسسۇل:
(جۇلا - «كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ» ئاھاڭىدا)
ئاتلىرىم ئالتۇن قانات،
ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن ئىگەر.
ئەل ئۈچۈن قىلدىم سەپەر،
خوش قال قېرىنداش جان - جىگەر.

جان ئاتا، جانىم ئانا، ھەق يولدا بولسۇن جان پىدا،
غەم يېمەڭ، تەشۋىش يېمەڭ بىزگە مەدەتكار ئول خۇدا.
تەنگە جان، جانغا ئارام،
چاقماق سۈيىنىڭ لەززىتى.
جانىجان ئەل دەردىگە
دەرمان بولۇش ئەر خىزمىتى.

جان ئاتا، جانىم ئانا، ھەق يولدا بولسۇن جان پىدا،
غەم يېمەڭ، تەشۋىش يېمەڭ بىزگە مەدەتكار ئول خۇدا.

بەل باغلىغان ھەر كىشى،
سانالمايدۇ ئەر كىشى.
ئەر كىشىنىڭ قەلبىدە
(ئاللا، ۋاي باللا)
مەردانىلىق ئۆركىشى.
ئەل غېمىنى يەر كىشى -
چىن - ھەقىقىي ئەر كىشى.
چۆرگىلەيدۇ بېشىدا
(ئاللا، ۋاي باللا)
ئەل غېمىنىڭ گەردىشى.
(قايتارما)

[ئۇسسۇل ئۆزگىرىدۇ. بىرتوپ قىزلار كىرىدۇ. يىگىت - قىزلار ئارىلىشىپ ئوينايدۇ.]

ناخشا:
(سەنەم - «ئويان ئۆتۈپ - بۇيان ئۆتۈپ ئالاي كۆڭلۈڭنى» ئاھاڭىدا)

**قىزلار:**
ئالتۇن قانات ئات ياراشقاي ئالتۇن يىگىتكە،
يۈرەك - باغرى يېنىپ تۇرغان يالقۇن يىگىتكە.
**يىگىتلەر:**
ئوت دېگەن بىز، يېنىپ تۇرغان يالقۇن ئۆزىمىز،
ئوت ئىچىدە كۆيۈپ پىشقان ئالتۇن ئۆزىمىز.

مەردان يىگىت لەۋزى گۈزەل مەنزىلگە يەتمەك،
چاڭقىغان بۇ ئانا يۇرتنى مىڭ رازى ئەتمەك.

ئۈچىنچى ئۆزگىرىش

ناخشا:
(چوڭ سەلىقە - «قارىسام ھېچ كۆرۈنمەيدۇ ئېلىمنىڭ تاغى» ئاھاڭىدا)

**يىگىتلەر:** دولقۇنلايدۇ، شاۋقۇنلايدۇ
چاقماق دەرياسى.
بويلىرىدا تورغاي كۈيى،
كاككۇك ناۋاسى.

**قىزلار:** كاككۇك بولۇپ سايرىغايمەن
دەرياڭى بويلاپ.
ئۇزاق تۈنلەر بىدارى مەن،
سەن يارنى ئويلاپ.
**يىگىتلەر:** چاقماق دەريا دولقۇنىدا
گۈزەل ئاي پەرى.
سەن ـ سەن مېنىڭ يۈرەك پارەم،
بەختىم دىلبەرى.
**قىزلار:** مەردلەرنى بىز ئەلنىڭ ئېسىل
ئوغلانى دەيمىز.
مەرد يىگىتلەر، ساڭا ئاقىۋل،
نۇسرەت تىلەيمىز.

[پۈتۈن سورۇن ئەھلى چاقماق دەرياسى تەرەپكە يۈزلىنىش قىلىشقا ئىرادە باغلىغان مەغرۇر يىگىتلەرگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.]

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 2 ـ كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، سەھەر پەيتى.
سەھنىدە: ھېسامىددىنبايىنىڭ شىپاڭلىق بېغى.

[ئاتۇش خەلق ناخشىسى ـ «چىمچاچاق» مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ. نۇر ئامىنەم چىمچاچاق ـ گۈلەڭگۈچ ئۈستىدە.]

**نۇر ئامىنەم:** ناخشا:
(«چىمچاچاق» نىڭ بىرىنچى ئۆزگىرىشى)
چىمچاچىقىم چىمچاچاق،
ئادەم مەن، ئەمەس قورچاق.
قايغۇ ـ دىشۋار قوينىدا
جانۇ جىسمىم بىر ئوچاق.
چىمچاچىقىم ـ چىمچاچاق،
ساچىم بولدى بىر قۇچاق.

ئاسماندىكى لەگلەكتىم،
يىغىۋالدى يىپىمنى.
جان كۆيەرىم ئاتامۇ
ئاڭلىمايدۇ گېپىمنى.
يىغىۋالدى يىپىمنى،
كىم ئاڭلايدۇ گېپىمنى؟

[قاسىم قىمارۋاز باغ تەرەپتىن كىرىدۇ.]

**قاسىم:** ناخشا:
(«چىمچاچاق» نىڭ ئىككىنچى ئۆزگىرىشى)
بۇ يۇرتتا كىم بىز دېگەن،
كۆڭلى خۇشى قىز دېگەن.
بىلىپ قويغىن، ئامىنەم،
ئاكاڭ سېنى ئىزدىگەن.

ئاكاڭ سېنى قوشلايدۇ،
ئۆز كۆڭلىنى خوشلايدۇ.
گەپ ـ سۆزىگە كۆنمىسەڭ،
پەشۋالايدۇ، مۇشتلايدۇ.

**نۇر ئامىنەم:** ناخشا:
(«چىمچاچاق» نىڭ ئۈچىنچى ئۆزگىرىشى)
ئارزۇلايمەن كۈلمەكنى،
ھايات پەيزى سۈرمەكنى.
قىمارۋازغا تەگكىچە،
ئوغا ئىچەرمەن،
جاندىن كېچەرمەن،
ئەزەل دېيمەن ئۆلمەكنى،
بېھىش يۈزى كۆرمەكنى.

**قاسىم:** جاندىن كېچەرمىش تېخى، ھى ـ ھى ـ ھى! (ئاغزىغا ناس سالىدۇ.)

**نۇر ئامىنەم:** (ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ)
چىمچاچاقنىڭ تاناسى
سىرتماق بولسۇن، دار بولسۇن،
ئاسمان ـ پەلەك دار بولسۇن.
ئاللا ئىگەم بار،
باشقا نېمەم بار،
ئېسىلغىنىم دار بولسۇن،
جەننەت ماڭا يار بولسۇن.

[چىمچاچاق تانىسىنى يېشەي دەپ تۇرغاندا، سىرتتىن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. قاسىم ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ.]

**ھېسامىددىنباي:** قىزىم، نۇرئامىنەم! جېنىم بالام! (كىرىدۇ)

**نۇر ئەلا خېنىم:** جېنىم بالام! (كىرىدۇ) نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ (قۇچاقلايدۇ)

**ھېسامىددىنباي:** نىماداق قارامىلىق قىلىسەن، ئەقىللىق قىزىم؟

**نۇر ئامىنەم:** شۇنچە يىغلاپ يالۋۇردۇم، ئاتا. سۆزىڭىزدىن يانمىدىڭىز، باغرى قان ـ زەرداپ بولۇپ كېتىۋاتقان بىچارە قىزىڭىزنى ئويلاپمۇ قويمىدىڭىز، ئاتا.

**ھېسامىددىنباي:** ئالىي نەسەب، نام ـ ئابرويلۇق ئۇلۇغ

www.uighurkitap.com

زاتلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى، قىزىم.

نۇر ئاممەم: ئۇنداق قىمارۋازنى كۆرەر كۆزۈم يوق، يەنە زورلاۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئاتا! . . . (چىمچاچاق تانىسىغا تىكىلىدۇ.)

نۇر ئەلا خېنىم: ئۇنىڭ ئەجدادلىرى نام - ئابرويلۇق ئېسىل ئادەملەر بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئۇ تۇرسا، دادىسى؟

ھېساممىددىنباي: ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن نى - نى ئېسىل ئادەملەر ئاربغا چۈشكەندى. ھەي . . . سەت بولدى - دە.

نۇر ئەلا خېنىم: ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ، قىزىم؟ ئاتاڭ ئۇنداق تاش يۈرەكلەردىن ئەمەس. خاتىرجەم بول قىزىم، كۆزۈڭدىن بىر تامچە ياش تۆكىدىغان ئىشنى قىلمايمىز. شۇنداقمۇ، دادىسى؟

ھېساممىددىنباي: ھەي . . . بەلكى بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇ. نېمە دېگۈلۈك ئىدى؟ يۈر، قىزىم.

نۇر ئاممەم: مانا ھازىر، دادا.

نۇر ئەلاخېنىم: يۈرسىلە دادىسى، بىز چىقىۋېرەيلى (چىقىپ كېتىشىدۇ).

نۇر ئاممەم: ئۇ قىمارۋازدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەر بولارمۇ زادى؟

[تەۋەككۇل توكۇرمارىلاپ كىرىپ نۇرئاممەمگە ئاستاغىنە يېقىنلىشىدۇ.]

تەۋەككۇل: قاغا جىگدە مىنى يېمەك،
مەيدەم ئاغرىيدۇ دېمەك.
كەتسە ئۇ قاسىم قىمار،
مەن ئالارمەن غەم يېمەك.

نۇر ئاممەم: ھە؟ نېمانداق ئىمانسىنى ئېزىقتۇرىدىغاندۇ بۇ توكۇرچاق! قانداق كىردىڭ بۇ يەرگە؟

تەۋەككۇل: تامغا يامىشاي دېسەم بويۇم يەتمەي سۇڭگۈچتىن ئۆمىلەپ كىردىم دېگىنە ئاممەم. قارىماسەن تىزلىرىمنىڭ سۇرۇلۇپ، قاناپ كەتكىنىنى!

نۇر ئاممەم: نېمىشقا كىردىڭ؟

تەۋەككۇل: ئالىمەن دەپ، سېنى.

نۇرئاممەم: نېمىنى؟

تەۋەككۇل: سېنى.

نۇرئاممەم: تولا چۈشكۈلدىماي يولۇڭغا ماڭغىنا توكۇرچاق!

تەۋەككۇل: چۈشكۈلدايدىغان چۈشمىدىممەن؟ «مەن قاچان چوڭ بولىمەن، يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ، بىزمۇ 16 - 17 لەرگە كىرىپ قالدۇق. بويىمىزمۇ، كېلە، ئاممەم، بىر تەڭلىشىپ باقايلى.

نۇرئاممەم: نېمانداق جېنىمنى چىقىرىدىغاندۇ؟ ماڭ دېيمەن كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي!

تەۋەككۇل: ساۋۇت چاڭگىنىڭ قىزىنى ئەپپېرەي دېگەنتى، ئۇنداق سېرىق ئاسلاننى ئالمايمەن، ئۆزۈڭ ئېلىۋال، دېدىم.

نۇر ئاممەم: نېمە دەۋاتىسەن؟

تەۋەككۇل: بوۋاڭنىڭ تۆت كۆنلۈكى قالدى، كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلەپ قوياي، دەيدۇ. نۇر ئاممەمدىن باشقا ھېچكىمنى ئالمايمەن، دېدىم. تېگىسەن - ھە؟ بىز دېگەن قاسىم قىمارۋازدەك ھارامدىن تاپقان نەرسىلەرنى توبلۇق دەپ ئەۋەتىپ يۈرمەيمىز. توبلۇق دېگەننى شۇنداق ئەپكېلىدۇكى، قاراپ تۇر ئاممەم!

نۇرئاممەم: قارىغاندا، ياخشىلىقچە كەتمەيدىغاندەك تۇرىسەن.

تەۋەككۇل: ماقۇل، تېگەي دېمىگۈچە ئولتۇرغىنىم - ئولتۇرغان (ئولتۇرىدۇ).

نۇرئاممەم: ماقۇل، ئولتۇرۇپ تۇرغىن، توكۇرچاق (چىقىپ كېتىدۇ).

تەۋەككۇل: (دىل بايان) قاسىم قىمارۋازنىڭ توبلۇقىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمدى بىزنىڭكىنى ئالىدۇ. تېگىدۇ، ماڭا تەگمەي كىمگە تېگىدۇ؟ توكۇر - توكۇرچاق دەۋرگىنىنى.

ناخشا:

يارىمنى ئىزدەپ يۈرۈپ،
سۆندى مېنىڭ نازۇك پۇتۇم.
بۇ پۇتۇمغا، جان بالا،
بولغاي داۋا ئىشقى ئوتۇڭ.

نۇرئاممەم: (چىۋىق كۆتۈرۈپ كېلىپ) توكۇر پۇتۇڭنىڭ داۋاسى مانا!

تەۋەككۇل: بىرنى سالىدىغان بولساڭ، ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئوننى سالىسەن.

نۇرئاممەم: مانا، ئوننى سالغان دېگەن!

تەۋەككۇل: ۋايجان . . . راستىنلا ئۇرۇۋاتقىنىنى!

نۇرئاممەم: چىق دەيمەن!

تەۋەككۇل: چىقسام چىقتىم (ھويلاتەرەپكە ماڭىدۇ).

نۇرئاممەم: قانداق كىرگەن بولساڭ، شۇنداق چىقىپ كېتىسەن.

تەۋەككۇل: ئۆمىلەپ؟

نۇرئاممەم: ئەلۋەتتە!

تەۋەككۇل: ئاممەم، ھەرھالدا سەن مېنىڭ . . .

نۇرئاممەم: ئاي ئەمسە! (ئۇرىدۇ)

تەۋەككۇل: ۋايجان!

نۇرئاممەم: ئۆمىلە، دەلدۈش!

تەۋەككۇل: ئۆمىلەي، ماقۇل، ئۆمىلەي . . .

نۇرئاممەم: جەننەتتىن چىققان كۆك تاياق، يۈگرىتىدۇ

يالىڭاياغ. . . ئۆمىلە ـ ھە! (كۈلكە)

تەۋەككۈل: ئالماي قويمايمەن، خەپ توختاپ تۇر، ئالماي قويمايمەن! (چىقىپ كېتىدۇ.)

نۇرئاممەم: ئاھ خۇدا، پېشانەمگە نېمە قىسمەتلەرنى پۈتكەن بولغىيتتىڭ؟ (چىمچاچاق تانىسىنى تۇتقان ھالدا ئىختىيارسىز ناخشا باشلايدۇ.)

چىمچاچىقىم ـ چىمچاچاق،
ساچىم بولدى بىر قۇچاق.
قىمارۋازدىن قۇتۇلسام،
نەدىن كەلدى توكۇرچاق.
چىمچاچىقىم ـ چىمچاچاق،
نەدىن كەلدى توكۇرچاق؟. . .

[سىرتتىن ناخشا ياڭرايدۇ. نۇرئاممەم ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالىدۇ.]

ناخشا:

(كىچىك سەلىقە ـ «نى ھەددىم بار ئېتىمىڭنىڭ پايىبۇسىن مۇددىئا ئالماق» ئاھاڭىدا)

بۇ سەۋدا چۇشتى باشىمغا كۆرۈپ ئايدەك جامالىڭنى،
ئەزىم چاقماق سۆيى بىرلە ياشارغان بويى تالىڭنى.
(ئىمام مۇھەممەت كىرىدۇ.)
خۇدايىم سالدى بۇ ئۇتنى يۈرەكنىڭ تەكتىگە جانان،
چىدامدۇ مەن كەبى ئاشىق كۆرۈپ دەردلىك بۇ ھالىڭنى.
چىدايمۇ يار كۆرۈپ دەردلىك بۇ ھالىڭنى.

ئىشەنگىل ئەي تولۇنئايىم، قۇلۇڭمەن ئەي شاھىنشاھىم،
مۇبارەك ئۇشبۇ دەم تۆككىن ئېغىزدىن شىرنە ـ بالىڭنى.
تۆكۈپ ئۆتكىن ئېغىزدىن شىرنە ـ بالىڭنى.

نۇرئاممەم: ناخشا:

يۈرەك ـ باغرىمغا شۇ ئۇتنىڭ تېگىنى سالدى ھەق ئاللا،
يېتەرمىز ئارزۇ ـ ئارمانغا قېنى ئېيتقىن ئامالىڭنى.
ئايان ئەتكىل، قېنى چارە ـ ئامالىڭنى.

(«لەبىڭ ھەجرىدە خاكى تەن ئارا كۆڭلۈم ھەبىس قىلدىم» دېگەن مىسرالار ئاھاڭىغا كۆچىدۇ.)

ئىمام مۇھەممەت:

ئەمەسمەن بىخەۋەر ئەجداد مىراس ئەتكەن نىزاملاردىن،
(يارەي، جانەي)
تۇمەن تىللاغىمۇ ئەرزان دېگەيمەن دانە خالىڭنى.
سۆيگەن گۈلۈم ـ يارىمسەن،
بويىنۇمدا تۇمارىمسەن،
ئالەمدىكى بارىمسەن.

ئەۋەتەي ئەلچىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تولدۇرۇپ ساندۇق،
(يارەي ـ جانەي)
كۆرەرسەن قوشبىلەيزۈك، قوشئۈزۈك، قوشلاپرومالىڭنى.
سېنىڭ ئۈچۈن جان كەتسۇن،
يۈرەكتىكى قان كەتسۇن،
مەيلى بۇ جاھان كەتسۇن.
ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى سالدى يۈرەككە ئىشقى ئاتەشنى.

نۇرئاممەم:

ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى سالدى يۈرەككە ئىشقى ئاتەشنى.

ئىمام مۇھەممەت
:
نۇرئاممەم

يەنە ئۆزى چېچەكلەتكەي گۈزەل ئارزۇ ـ خىيالىڭنى.
ۋاي ئاللا،
غەمخور باشپاناھىم سەن.

نۇرئاممەم: ئەي ناتونۇش يىگىت، ۋىسال ېغىدا مەست ـ بىھوش يىگىت!

ئىمام مۇھەممەت: خوش، گۈزىلىم.

نۇرئاممەم: ئۇلۇغ رامىزاننىڭ 17 ـ كېچىسى چۈشىدىغان خىسلەتلىك شىۋىقەدرىدەك كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز. بىر ناخشا بىلەنلا يۈرىكىمگە ئوت سالدىڭىز.

ئىمام مۇھەممەت: خوش، ئامرىقىم.

نۇرئاممەم: مالال كۆرمەي، ئازغىنە سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگەيسىز.

ئىمام مۇھەممەت: جان ـ دىلىم بىلەن.

نۇر ئاممەم: ناخشا:

(ئۈچىنچى داستان ـ «زىندان ئىچرە باغرىم يارادۇر» ئاھاڭىدا)

ئاتىڭ كىمدۇر ياش مەردانەم،
زاتىڭ كىمدۇر ئەي غەمخانەم؟
ئېلىپ كەلدى قانداق شامال
نەدىن سېنى ئەي پەرۋانەم؟

ئىمام مۇھەممەت:

ئىمام مۇھەممەتتۇر ئاتىم،
ئوغۇزخاندۇر ئەسلى زاتىم،
بەشكېرەمدىن قوش قاناتىم
ئېلىپ كەلدى، نۇرئاممەم.

نۇرئاممەم:

بەشكېرەمدە باغلار قۇرۇپ،
قاپتۇ دەيدۇ گۈللەر سولۇپ،
داۋا قىلماي باغۋەن بولۇپ،

نە قىلۇرسەن، جان پەرۋانەم؟

**ئىمام مۇھەممەت:**

داۋاسىدۇر چاقماق سۇيى،

شاۋقۇن سازى - ياڭراق كۈيى،

ئۇنىڭسىز يوق يۇرتۇم تويى،

ئىزدەپ كەلدىم، نۇرئانىمەم.

**بىللە:**

ئەللەر دېدۇ: «نىكاھ غايىب»،

دىدارلاشتۇق بىز ئاجايىپ،

ئۇلۇغ سۆيگۈ مەڭگۈ غالىب،

**ئىمام مۇھەممەت:**

توي باشلايلى، نۇر ئانىمەم.

**نۇر ئانىمەم:**

ئۇلۇغ سۆيگۈ مەڭگۈ غالىب،

ئەلچى بولالا، جان پەرۋانەم.

**ئىمام مۇھەممەت:** ئەي چاقماق دەريا پەرىزاتى، تاغ يېرىپ سۇ باشلاش ئۈچۈن بىستۇن تېغىغا يۈرۈش قىلغان خوتەن شاھزادىسى پەرھادەك كېتىۋېتىپ، ئايدەك جامالىڭىزنى كۆرۈپ قېلىپ بىر ئاشىق بولغانىدىم، ئەمدى مەلىك ئاشىق بولدۇم. ئەلچى كىرگۈزەي، تەخىرسىز كىرگۈزەي. خوش، سۆيۈملۈك شېرىنىم!

**نۇر ئانىمەم:** خوش، سۆيۈملۈك پەرھادەم!

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 3 - كۆرۈنۈش

ۋاقتى: بىر ھەپتىدىن كېيىن، چاشكا ۋاقتى.

سەھنە: 2 - كۆرۈنۈش بىلەن ئوخشاش.

[ھېسامىددىنباي پېشايۋان پەلەمپىيىدە چوڭقۇر ئوي - خىيال قاينىمىدا.]

**ھېسامىددىنباي:** ئاھ، ئەجەب قاتتى بۇ كاللا، ئەجەبمۇ قاتتى!

**ناخشا:**

(پەشرۇ - «سېنى كۆردۈم، ھەممەئىشلىنى ئۇنتۇدۇم» نىڭ 1 ، 2 ، 5 ، 6 ، 10 - بېيىتلىرى ئاھاڭىدا)

ئىچى قاتتى بېشىمنىڭ، تېشىمۇ قاتتى،

ئايلار ئۆتتى، بىلمەيمەن قانداق تاڭ ئاتتى.

بىر - بىرىدىن مۇتىۋەر ئەلچى - خېبەردار

مېنى قويدى تەڭلىكتە، يەرگە قاراتتى.

**نۇرگەلاخىنىم:** (ناخشا بىلەن كىرىدۇ)

باغرىمىزنى بەرسەك بىز قاسىم قىمارغا،

ئەل دېمەمدۇ قىزىنى دۇنياغا ساتتى؟

**ھېسامىددىنباي:**

قىز ئۆستۈرمەك - چولڭ قىلماق شۇنچە گۇنامۇ،

قانچىلارنىڭ نەشتىرى كۆكسۈمگە پاتتى.

**نۇرگەلاخىنىم:**

بەگزادىگە بېرەيلى گۆھەرىمىزنى،

بەلكى تەڭرىم ئۇلارنى بىر جۈپ ياراتتى.

**ھېسامىددىنباي:** ياقا يۇرتلۇققا قىز بەرگەنلەر خوشلۇق كۆرگەنمۇ، ئانىسى؟

**نۇرگەلاخىنىم:** بەشكىرىممۇ ياقا يۇرت بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى؟

**ھېسامىددىنباي:** ياقا يۇرت، ھازىر ياقا يۇرت.

**نۇرگەلاخىنىم:** قىزىمىزنىڭ رىزقى - نېسىۋىسى بەلكى شۇ تەرەپلەرگە چېچىلغاندۇ. ئەلھەكىملىللا دېيلى، چىرايلىقچە رازىلىق بېرەيلى، دادىسى.

**خىزمەتچى:** (كىرىدۇ) خوجايىن، مېھمانلار كەلدى.

**ھېسامىددىنباي:** مانا ھازىر. (ئايالىغا) ئەلچىلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ بېقىپراق بىر نېمە دەرمىز (چىقىپ كېتىدۇ).

**نۇرگەلاخىنىم:** ئاللا، ئۆزۈڭ بار.

**ئىككى قىز:** (خوشال كىرىدۇ) ئانا، ئۇلار كەلدى!

[تەنتەنە - توي مۇزىكىسى ئىچىدە بىر توپ قىز - ئاياللار جەۋلان قىلىپ كىرىدۇ. ھەممىسىنىڭ قولىدا پەتنۇس، پەتنۇس ئۈستىدە كىچىك ساندۇق، تاجى قاداقلىق دوپپا، ھەر خىل كىيىم - كېچەك، ئەن رەختلەر، ھۆسن تۇزەش بۇيۇملىرى. ئۇلار شوخ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن نۇرگەلاخىنىمنى ئارىغا ئالىدۇ.]

**بىرىنچى قىز:** (دوپپا سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن قىز - نەزم)

تولارمىش كۆچكە - دەرمانغا جىمى جان توپ - توپى بىللە،

ئۆتەرمىش قۇش - قاناتلارمۇ بىسارمان جۈپ - جۈپى بىللە.

بۇ يولدا ئەلچى بىز خالىس، گۇۋاھ ئاللا - گۇۋاھ ئاللا،

**قىزلار:** گۇۋاھ ئاللا!

**بىرىنچى قىز:**

مۇرادىدا يەتسە بىر جۈپ ياش ئۆمۈرلۈك مەھبۇبى بىللە.

**نۇرگەلاخىنىم:** رەھمەت، قىزلىرىم.

**بىرىنچى قىز:** (دوپپا سېلىنغان پەتنۇسنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەكتىزلىنىپ قوشاق ئوقۇيدۇ)

قۇتلۇق سوۋغا بۇ دوپپا

بىر ياخشى يەردىن.

گۈلى ياقۇت - گۆھەردىن،

چېچەكى زەردىن.

(ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ.)

**نۇرگەلاخىنىم:** رەھمەت - ھەشقاللا.

**بىرىنچى قىز:** گۆھەر دوپپا - زەردوپپا

مەڭگۈ ياراشقاي.
هۆر ـ پەرىنىڭ ئالتۇن بېشى
كۆككە تاقاشقاي.

**ئىككىنچى قىز:** بۇ ھاياتلىق داۋانىدىن
بىرلىكتە ئاشقاي.

**نۇرئەلاخېنىم:** دېگىنىڭلاردەك بولغاي، ئىلاھىم.

**بىرىنچى قىز:** بۇ سوۋغىمىز، ئەلا خېنىم،
سىزگە ياقسىكەن.
ئالدىمىزدا شۇ پەرىزات
كېيىپ باقسىكەن.

**قىزلار:** نۇرئەلاخېنىم (تازىم ئارقىلىق شۇ تەلەپنى ئىپادىلەيدۇ).

**نۇرئەلاخېنىم:** بولىدۇ، قىزلىرىم. (تۇغقانلىرىنىڭ قىزلىرىغا) كىرسۇن، تارتىنماي كىرسۇن، چاقىرىڭلار.

[بىر قىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىدۇ.]

**ئىككىنچى قىز:** (ساندۇق كۆتۈرگەن قىز) مانا بۇنۇر ئامىنەم خېنىمنىڭ ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلىرى. مانا بۇ ئالتۇن ئاچقۇچ.

**نۇرئەلاخېنىم:** رەھمەت ـ ھەشقاللا (تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.)

**ئۈچىنچى قىز:** مانا بۇ ـ نۇرئامىنەم خېنىمنىڭ ئەتىيازلىق كىيىملىرى.

**تۆتىنچى قىز:** يازلىقى.

**بەشىنچى قىز:** كۈزلۈكى.

**ئالتىنچى قىز:** قىشلىقى.

[چىقىپ كەتكەن قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا نۇر ئامىنەم كىرىدۇ. ئەلچى قىز ـ ئايالالار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ماڭ ـ تاڭ قالىدۇ.]

**يەتتىنچى قىز:** (شوخلۇق بىلەن ئالدىغا بېرىپ) خېنىم، ئۆزلىرىگە ئالاھىدە بىر سوۋغا.

**نۇرئامىنەم:** (مەڭدەپ كېتىپ) ھە، نېمە؟

**يەتتىنچى قىز:** نېمەبولاتتى؟ (قىزىقارلىق ھەرىكەت بىلەن)
تارغاق ـ سۆزگۈچ، يىلىم چۆچەك،
ياما ئايرىغۇچ.
ئەترە ـ ئىپار ھەم سۈرمىدان،
كىرپىك قايرىغۇچ (ئۇزىتىدۇ).
(ئۇمۇمىي كۈلكە)

**بىرىنچى قىز:** خېنىم، بۇ دوپپىنى بىر كىيىپ باققان بولسىلا.

**ئىككىنچى قىز:** (كۆڭلەك سېلىنغان پەتنۇسنى تۇتقۇزۇپ) بۇنىمۇ، ھە، چىرايلىق خېنىم.

**نۇرئەلاخېنىم:** بولىدى، ئىزا تارتتۇرمىگىن، قىزىم. بار، ئاۋۇ ئاق ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىلا ـ ھە!

**ئۈچىنچى قىز:** يۈرسىلە خېنىم.

**تۆتىنچى قىز:** مەنمۇ بار، يۈرسىلە (يېتىلەپ ئېچىقىپ كېتىدۇ).

**نۇرئەلاخېنىم:** نېمانداق قائىدە ـ يوسۇنلۇق خەقتۇ ئۇ؟ (بىرىنچى قىزغا) ئېيتسىلا، خېنىم، قىزىمىزغا ئاشىق ـ بىقارار بولغان، قىزىمىزنىمۇ سەۋدايى قىلىۋەتكەن زادى قانداق يىگىت؟ راستىڭلارنى دەڭلار، جېنىم خانلىرىم!

**بىرىنچى قىز:** بولىدۇ، خېنىم.

ناخشا:

(ئىككىنچى داستان ـ «خوپ بەگ ئوغلى ئىككى ئېبىل شاھزادە» نىڭ 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ كۇپلېتلىرى ئاھاڭىدا)

ئەل ئوغلانى ئىمام مۇھەممەت بەگزادە،
ئەقىللىقتۇر، زەبەردەستۇر، قابىلدۇر.
تەڭ كېلەلمەس نى ـ نى ئېبىل شاھزادە،
ساخاۋەتتە نۇشىرۋانى ئادىلدۇر.

ۋۇجۇدىدا مىڭ يولۋاسنىڭ قەھرى بار،
دەرد ئەھلىگە ھىممىتى بار، بەھرى بار،
پەرىشتىدەك شەپقىتى بار، مېھرى بار،
ئىمانى پاك مۇسۇلمانى كامىلدۇر،

تومۇرىدا چاقماق دەريا تاشقىنى،
سۆيمەيدۇ ئۇ بىر پەرىدىن باشقىنى،
بۇ جاھاندا ئۇنداق ئېبىل ياش قېنى،
بەگزادىگە ئەھلى جاھان قايىلدۇر.

[ياسانغان نۇر ئامىنەم ناخشا يېرىملاشقان مەزگىلدە كىرىدۇ. قىزلار ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئۇ، خۇشاللىق بىلەن ئوينايدۇ.]

**تۇغقان قىز:** (كىرىپ) ئانا، داستىخان ھازىرلاندى!

**نۇرئەلا خېنىم:** ماقۇل، قىزىم. (ئەلچى قىزلارغا) خان قىزلىرىم، مېھمانخانىغا مەرھەممەت.

**قىزلار:** رەھمەت، قېنى، نۇرئەلا خېنىم.

**نۇرئەلا خېنىم:** بولىدۇ، يۈرۈشسىلە. (باشلاپ مېڭىۋېتىپ) سەنچۇ، قىزىم؟

**نۇر ئامىنەم:** (كىيىمنى يەڭگۈشلىۋېلىپ چىقىش ئىشارىسىنى قىلىدۇ.)

[نۇرئەلا خېنىم، ئەلچى قىز ـ ئايالالار چىقىپ كېتىدۇ. خەۋەر قىلىپ كىرگەن تۇغقان قىز قالىدۇ.]

**تۇغقان قىز:** نۇر ئامىنەم، خۇش خەۋەر!

**نۇر ئامىنەم:** ھە ـ ھە؟

**تۇغقان قىز:** تەشنائى دېگەن بوۋايچۇ، باي دادامنى شامدەك

ئېرىتىۋېتىپتۇ.

نۇر ئامىنەم: راستمۇ؟

تۇغقان قىز: راست، مۇرادىڭغا يېتىدىغان بولدۇڭ (ئىتتىك چىقىپ كېتىدۇ.)

نۇر ئامىنەم: ئاھ، ئۇخلىمىدىم - چۈشۈمىدىمۇ بۇ؟ (ئەينەككە قاراپ) ۋاي جېنىمەي، نېمانچە قىزىرىپ كېتىدىمەن؟

ئىمام مۇھەممەت: (سىرتتىن) ناخشا:

(ئاتۇش خەلق ناخشىسى - «جان بالىخان» ئاھاڭىدا)

ئۈستەڭ بويىغا چىقسام
(ۋاي، جان بالىخان)
سۇلار سىزىلىپ قاپتۇ.
ئالمىنىڭ چېچەكىدەك
(ۋاي، جان بالىخان)
مەڭزىڭ قىزىرىپ قاپتۇ.

نۇر ئامىنەم: ۋاي خۇدايىمەي، قانداق بىلگەندۇ؟

ئىمام مۇھەممەت: (كىرىدۇ)

ئوك قولۇمدا بولسىكەن
(ۋاي، جان بالىخان)
ئاسماندىكى نۇر چىراغ.
زەپ ئۇلغايدى - ئۇلغايدى
(ۋاي، جان بالىخان)
يۈرەكتىكى ئوت - پىراق.

نۇر ئامىنەم: (ئاخىرقى تەكرارىنى ئېيتىدۇ)

سېۋىنىڭ تېگى ئالتۇن (دادەي)
كۆرۈنگەن تاغ ئەمەس يىراق.

ئىمام مۇھەممەت: نۇر ئامىنەم - پەرىشتەم! (يېقىنلىشىدۇ)

نۇر ئامىنەم: سىز قىلسىلا بەگزادەم.

ئىمام مۇھەممەت: ئاتىڭىز يەنە شۇنداق...

نۇر ئامىنەم: چويۈندەك قېتىشقان ئاتام ھازىر شامدەك ئېرىپ كەتكەنىش.

ئىمام مۇھەممەت: ئۇھ، ئۇنچىلىك بولسا...

سىرتتىن ئاۋاز: نۇر ئامىنەم!

نۇر ئامىنەم: مەن چىقاي. خوش، ئامان بولسىلا بەگزادەم.

ئىمام مۇھەممەت: خوش، پەرىشتەم، يەنە شورا ئاتلاپ تۇراي (چىقىپ كېتىدۇ).

نۇر ئامىنەم: خوش، شۈۋقەدەرىم. (ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن) ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلىۋالاي (ماڭىدۇ).

[تەۋەككۇل ئالدى تەرەپتىن كىرىدۇ.]

تەۋەككۇل: ئوا!... بەك چىرايلىقكەنسەن جۇمۇ ئامىنەم، بەك چىرايلىقكەنسەن.

نۇر ئامىنەم: يەنە سۆڭگۈچتىن كىرىپسەن - دە؟

تەۋەككۇل: قاسىم قىمارۋازغا تەگمە جۇمۇ ئامىنەم، زايە كېتىسەن، تەگمە!

نۇر ئامىنەم: ساڭا تەگسەم زايە كەتمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

تەۋەككۇل: ئۇنىڭدىن مەن مىڭ ياخشى!

نۇر ئامىنەم: ھا - ھا - ھا!...

تەۋەككۇل: ۋاي - ۋۇي، كۈلسەڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدىكەنسەن جۇمۇ، ئامىنەم.

نۇر ئامىنەم: ساپساق قىمارۋازدىن مىڭ ياخشىمەن - دە، تېخى!

تەۋەككۇل: مىڭ ياخشى بولماي! مەن دېگەن مەكتەپ يۈزى كۆرگەن، ئوقۇيالايمەن، يازالايمەن، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار. ئۇنداق قارا قورساقتىن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ مەن؟

نۇر ئامىنەم: ساڭا تەگسەم زايە كەتمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

تەۋەككۇل: ياق، ئامىنەم، ماڭىمۇ زايە كەتكۈدەكسەن. مەن قىمارۋازدىن مىڭ ياخشى، بەگزادەك مەندىن مىڭ ياخشىكەن. ئاۋاتتەك گەپ قىلدىممۇ؟ خوش بولغان بولساڭ، چوككىدە بىرنى سۆيە!

نۇر ئامىنەم: نېمانداق جېنىمنى چىقىرىدىغاندۇ يەنە!

تەۋەككۇل: راست، ئامىنەم. ماقۇل دەپ بىرنى سۆيۈپ قويغىنا، ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلغىنىم ئۈچۈن ئۆمرۈم بويى ماختىنىپ ئۆتەي. مېنىمۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن بىر پەرىزات سۆيگەنىدى دەپ ئارزۇ - ئارمانسىز كېتەي. ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي.

نۇر ئامىنەم: نېمانداق ئىچىنى ئاغرىتىدىغاندۇ، ئادەمنىڭ؟

تەۋەككۇل: بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىۋاتقان بىتەلەي قېرىندىشىڭنى سۆيگەندەك سۆيسەن. كۆزۈمنى تېڭىپ، قولۇمنى باغلاپ قويۇپ سۆيسەڭمۇ ھېساب. ئىشقىلىپ، نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن... مەنمۇ ساڭا ئەسقاتىمەن...

سىرتتىن ئاۋاز: نۇر ئامىنەم، نۇر ئامىنەم!

نۇر ئامىنەم: مانا ھازىر. مۇشۇنداق چىقارمەنمۇ؟ بوپتۇ، چىقىرىۋېرەي - يا! (ئىتتىك چىقىپ كېتىدۇ.)

تەۋەككۇل: گېپىمنى ئۇنتۇپ قالما ئامىنەم! (دىل بايان)

تەۋەككۇل بايۋەچچە، تولا پۇچۇلانما. سېنىڭمۇ پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى باردۇ. ئىمام مۇھەممەت بەگزادىنىڭ پېئىسارلىق ساۋاقداشىنىڭ دادىسى ئۇستا تېۋىپ ئىكەنغۇ! بەگزادە ساڭا ياردەم قىلماقچى، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىغان بولساڭ... ھە؟ قاسىم قىمارۋازنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتامدۇ - نېمە؟ شۇ - شۇنىڭ ئاۋازى. يەنە نېمىشقا كەلگەندۇ ئۇ ئۇششۇق؟ (ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

[ھېسامىددىنباي بىلەن قاسىم ياقاسىقىشقان ھالدا كىرىدۇ.]

ھېسامىددىنباي: ئاۋازلىرىنى ئۆچۈرسىلە قاسىمباي، مېھمان بار، سەت تۇرىدۇ، نومۇس قىلسىلا.

قاسىم: مەن نومۇس قىلامدىمەن تېخى؟ مەن - ھە! قىزىمنى بېرىمەن - بېرىمەن دەپ لەۋزى قىلىپ، ئالتە ئاي - يېرىم يىلدىن بۇيان ئادەمنى گوللاپ ئەمدى يېنىۋالغان سەندەك مۇناپىق نومۇس قىلماي، مەن نومۇس قىلامدىمەن تېخى!

ھېسامىددىنباي: قىز بالا - مېنىڭ. كىمگە بەرگۈم كەلسە، شۇنىڭغا بېرىمەن. يوقال كۆزۈمدىن، لۈكچەك!

قاسىم: ھە، خېلى يوغان سۆزلەيسەنغۇ قۇرۇق ئۇستىخان، ئاۋار داستىخان باي؟ شۇنچە كەڭ ئاستىن ئاتۇش - ئۇستۇن ئاتۇشلاردىن ساڭا يارىغۇدەك كۈيئوغۇل چىقمىدىمۇ - ھە؟ گەپ قىل، ئاتۇشلۇققا ئاسىيلىق قىلغان مۇناپىق! (ھېسامىددىنباينىڭ كانىيىدىن بوغىدۇ.)

[تەۋەككۈل كالتەك كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.]

تەۋەككۈل: قويۇۋەت، قىمارۋاز!

قاسىم: نېمە دېدىڭ، توكۇرچاق!

ھېسامىددىنباي: قويۇۋەت دەيمەن! (بوشىنىۋالىدۇ.)

قاسىم: ماۋۇ توكۇرچاقنىڭ يوغانلىقىنى قارا! جېنىڭدىن تويغان بولساڭ كەل!

ھېسامىددىنباي: تەۋەككۈل بايۋەچچە، بوش كەلمە، بالام.

تەۋەككۈل: مېھمانلارنىڭ قېشىغا چىقىۋەرسىلە، بۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن!

ھېسامىددىنباي: ماقۇل، بايۋەچچە، خەپ لۈكچەك! (چىقىپ كېتىدۇ.)

قاسىم: چۈمۈلىدەك جېنىڭغا يوغانلىق قىلىۋاتقىنىنى بۇ توكۇرچاقنىڭ! كەل، بىر تال چىمچىلىقىمنى ئېگىپ باققىنا، يەر پاپىسى!

تەۋەككۈل: سەندەك نېمىدىن قورققان جېنىمنى ئىتقا تاشلاپ بېرەرمىنا، كېلە، دوزاخ شوتىسى!

[ئىككىسى ئازراق قوغلاشماق ئوينايدۇ، تەۋەككۈل بىر - ئىككىنى ئۇرۇۋالىدۇ. قاسىم ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ.]

قاسىم: قولغا چۈشتۈڭمۇ، توكۇرچاق؟ (قولتۇقىدىن دەس كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىدۇ) ئىمان ئېيتىۋال، توكۇرچاق، ھازىرلا ئۇ دۇنياغا ماڭىسەن! (پىرقىرىتىۋېرىدۇ.)

تەۋەككۈل: (چىمچاچاقنىڭ تانىسىغا ئېسىلىۋالىدۇ - دە، قاسىمنى تېپىدۇ. پىرقىراۋېرىپ بېشى قېيىپ كەتكەن قاسىم قىمارۋاز ئوڭدىسىغا يىقىلىدۇ) كىم نوچىكەن؟ بىز دېگەن ئوقۇغان جۇمۇ، سەندەك قارا قورساقتىن قورقىمىزمۇ بىز؟ نامەردلىك بولمىسۇن دېمەيدىغان بولسام، يۈرىكىڭگە دەسسەپ!...

قاسىم: (بىر ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ) ئەمدى دەسسە!

تەۋەككۈل: (ئۈمىلەپ قوپۇپ) ھە، پاخشى، يەنە سوقۇشقۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ يەنە بىرنى تېپىدىغان بولسام، ئۆزۈڭنى جەھەننەم بوسۇغىسىدا كۆرىسەن جۇمۇ!

قاسىم: كېلە توكۇرچاق! (قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋالىدۇ.) پىيىڭنى كېسىۋەتمەيدىغان بولسام! (پىچاق سۇغۇرىدۇ.)

[ئىمام مۇھەممەت باغ تەرەپتىن كىرىدۇ.]

ئىمام مۇھەممەت: ئەسسالامۇئەلەيكۇم (تەئەددىي بىلەن سالام بېرىدۇ.)

قاسىم: ئۆزۈڭ كىم؟ قەيەرلىك نېمىسەن؟

ئىمام مۇھەممەت: مېيىپ - مەجرۇھ كىچىككىنە بالىغا پىچاق كۆتۈرۈشتىن ئۇيالمىدىڭىزمۇ، قاسىمباي؟

قاسىم: دېمىسەم - دېمىسەم، بەشكىرەملىك ھېلىقى تالىپچاققۇ دەيمەن. تازا خۇمارىم تۇتۇپ تۇرغاندا كەپسەن، كەل، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىۋالاي!

ئىمام مۇھەممەت: پىچاقنى قىنىغا سال، تۇتۇشاق تۇتۇشايلى!

تەۋەككۈل: مەندىن يىقىلغان پاخشى بىلەن ئېلىشماڭ، بەگزادە!

قاسىم: ھە، سەن خەۋەر قىپتىكەنسەن - دە توكۇرچاق. خەپ، توختاپ تۇر! كېلە، تالىپچاق!

ئىمام مۇھەممەت: مانا كەلدىم، تۇتۇۋېلىڭ قاسىمباي! (تۇتۇشىدۇ.)

تەۋەككۈل: ھېسابمۇ؟

ئىمام مۇھەممەت / قاسىم: ھېساب!

تەۋەككۈل: يا، ئاللادىن مەدەت، ھە!

[بىر مەزگىللىك تىركىشىشتىن كېيىن ئىمام مۇھەممەت قاسىم قىمارۋازنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇرىدۇ.]

قاسىم: (ئورنىدىن غەزەپ بىلەن تۇرۇپ توپىسىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن بىر چېكىم ناسنى كالپۇكىغا باسىدۇ - دە، پىچىقىنى چىقىرىپ تەلۋىلەرچە ئېتىلىدۇ.) كېلە، ياقايۇرتلۇق ئادەم ئوغرىسى!

تەۋەككۈل: (ئۆي - ھويلا تەرەپكە قاراپ ۋارقىرايدۇ) ئادەم بارمۇ؟

[قاسىم پىچاق سالماقچى بولىدۇ. پىچاق ئاخىرى ئىمام مۇھەممەتنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ھېسامىددىنباي بىلەن سەئىدۇللا ئىشان ئالدىراش كىرىدۇ.]

سەئىدۇللا ئىشان: توختاش مۇرتەدلەر، توختاش!

قاسىم: (سىڭا بۇرجەك سالام بېرىدۇ) ئەسسالامۇئەلەيكۇم

www.uyghurkitap.com

ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى، ئەۋلىيا دېگەنزە. . . قارىسىلا ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى!

تەۋەككۇل: ۋەيى! . . . (ئىمام مۇھەممەتنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېلىپ) ئۆز غىلىپىغا سېلىپ قوياي. (قاسىمنىڭ غىلىپىغا سېلىپ قويۇپ) ئىزا - ئىزا!

سەئىدۇللا ئىشان: ئۇششاق باللار نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ يەردە؟ چىق!

تەۋەككۇل: چىقساق - چىقتۇق (ئىمام مۇھەممەت بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

سەئىدۇللا ئىشان: خوش، سېنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

قاسىم: بەشكېرەملىك ئۇششۇقكەن.

ھېسامىددىنباي: غازىبەگنىڭ ئوغلى.

سەئىدۇللا ئىشان: بىلدىم - بىلدىم. خۇدا بەرگەن رىزقى - نېسىۋىسىگە قانائەت قىلمايدىغان ھېلىقى جەدىت ئالىپچاق. سۇ ئوغرىلىغىلى كەپتۇ، شۇنداقمۇ؟

قاسىم: ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، خەقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چاڭ سالماقچى!

ئىمام مۇھەممەت: جۆيلۈمە!

سەئىدۇللا ئىشان: بەللى! نە - نەلەردىن كېلىپ سۇ ئوغرىلاڭ - بىر، قىز ئوغرىلاڭ - ئىككى! ئامبال - دارىنغا دەپ 16 جىڭلىق ئىشكەل سالدۇرۇۋەتمەي يەنە. ياخشىلىقچە كېتىۋال، ئوغرى!

ئىمام مۇھەممەت: بولىدۇ، قايتسام قايتىپ تۇراي تەقسىر (چىقىپ كېتىدۇ).

قاسىم: بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىۋېتەي دەپ تۇرغانىدىم، تەلىيى بار نېمىكەن، ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا ئىشان خوجام ھەززەتلىرى.

سەئىدۇللا ئىشان: خوش، قاسىمباي، ئۆزلىرىمۇ قايتىپ تۇراملا؟

قاسىم: بولىدۇ، تەقسىر. (يېقىنلىشىپ) بۈگۈن ئامىتىم كېلىپ قالغانىدى (مەيدىسىگە مۇشتلاپ، يانچۇقىنى ئىشارە قىلىپ، قىماردا ئۇتۇۋالغانلىرىنى بەرمەكچى بولىدۇ).

سەئىدۇللا ئىشان: ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار، چىقسىلا.

قاسىم: خوش، تەقسىر. (مۇلايىملىق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

ھېسامىددىنباي: ئەمدى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، ئىشان خوجام.

سەئىدۇللا ئىشان: كىرەرمىز، ھېسامىددىنباي. ئېيتسىلا، ئاتۇشتىن مانا بۇ قاسىمباي قاتارلىق بەش كىشىنىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكى راستمۇ؟

ھېسامىددىنباي: «قىزلىق ئۆي - خان كۆۋرۈكى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، تەقسىر؟

سەئىدۇللا ئىشان: ئۆتۈپ - تېشىپ بەشكېرەمدىنمۇ ئەلچى كەلدى، دەڭ؟

ھېسامىددىنباي: خوش، تەقسىر.

سەئىدۇللا ئىشان: مانە! (كۆزىنى يۇمۇپ، ئاسمانغا قاراپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، بىردىنلا) چاقىرىڭ، تالاش - تارتىش ئىچىدە قالغان ئاشۇ ئاجىزەڭىزنى چاقىرىڭ!

ھېسامىددىنباي: خوجام. . . بۇ. . . بۇنداق قىلساق. . .

سەئىدۇللا ئىشان: بىز دېگەن ئەۋلىيا، بىز دېگەن پەرىشتە. ھەر ئىككىلا ئالەمدە پەرىشتىلەرگە نامەھرەم بولىدىغان مەخلۇقات يوقتۇر.

ھېسامىددىنباي: ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە.

سەئىدۇللا ئىشان: ئالەمچە دەپتى - دۇنياغا ئىگە بولغان بوۋىڭىز بىلەن دادىڭىز 45 يىلنىڭ ئالدىدىكى يەر تەۋرەشتە جېنىدىن جۇدا بولدى، شۇنداقمۇ؟

ھېسامىددىنباي: شۇنداق، تەقسىر.

سەئىدۇللا ئىشان: ئۇلاردىن سىزگە مىراس قالغىنى «باي» دېگەن قۇرۇق نام، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا زادى نېمە قالدى سىزگە؟ خوش، تىنالماي قالدىڭىزغۇ، ھېسامىددىنباي؟ قېنى ئېيتىڭا، بوۋىڭىز بىلەن ئاتىڭىز زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەن؟

ھېسامىددىنباي: تەقدىرى قىسمىتى شۇنداقتۇ، ئىشان خوجام.

سەئىدۇللا ئىشان: خوجىزادىلەرنىڭ قەھرىگە يولۇققان، دۇئايىبەتكە كەتكەن، دۇئايىبەتكە! بولۇڭ، چاقىرىڭ، سىزمۇ دۇئايىبەتكە كېتىپ قالماڭ يەنە!

ھېسامىددىنباي: چاقىراي، تەقسىر، چاقىراي. (ھويلا تەرەپكە قاراپ) نۇر ئامىنەم! قىزىم! . . .

نۇر ئامىنەم: (كىرىدۇ.) خوش، دادا. (سەئىدۇللا ئىشاننى كۆرۈپ ئەندىكىپ، قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

ھېسامىددىنباي: ئەپۇ قىلغايلا تەقسىر، سەھرا قىزى ئەمەسمۇ؟

سەئىدۇللا ئىشان: ساقايماس باش ئاغرىقىغا قاپسىز - دە، ھېسامىددىنباي. ئاشۇ بىر ئاجىزەنى دەپ بۇ يۇرتتىكىلەر بىر - بىرى بىلەن پىچاقلاشسا، ئاندىن كېيىن بەشكېرەملىكلەر بىلەن كالتەك - چوماقلاشسا!

ھېسامىددىنباي: خودايىم ساقلار، ئىشان خوجام.

سەئىدۇللا ئىشان: بەسى مۇشكۇل، قان دەرياسىغا غەرق بولۇشتىن ساقلىنىش بەسى مۇشكۇل.

ھېسامىددىنباي: خوجام، ئۆزلىرى بىزنىڭ دۇئاگۆيى ئاتىمىز، پىر - ئۇستازىمىز.

سەئىدۇللا ئىشان: كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ـ بىر يولنى تۇتمايلىمۇ، ھېسامىددىنباي؟

ھېسامىددىنباي: دېگەنلىرىڭىزدەك بولار، ئىشان خوجام. تۈز ـ تاتام ئۇستىدە سۆزلىشەيلى، مەرھەمەت قىلسىلا.

سەئىدۇللا ئىشان: بولىدۇ، ماڭغاچ تۇرۇڭ.

ھېسامىددىنباي: خوش، خوجام (چىقىپ كېتىدۇ.)

سەئىدۇللا ئىشان: (دىل بايان) ئادەمىزات نەسلىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن ـ ھە؟ توۋا! ساردىن نار تۇرەلدى دېگەن شۇ ـ دە. بىر دۇئا بىلەنلا ئۆز ئىلكىمگە ئېلىۋېلىپ، ئۆز قىزىم ئىدى دەپ ئامبال دارىن جانابلىرىغا ئىنئام قىلىدىغان بولسام... ئاتام جانابلىرىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماتتەي، ماشياۋۇ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە نائىل بولغان ئەمەسمىدى؟... ۋاي، بۇ ئامەتنى كۆرۈڭ، بۇ تاجۇ دۆلەتنى كۆرۈڭ!... (تەكەببۇرانە قەدەم تاشلايدۇ.)

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 4 ـ كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1947 ـ يىل 6 ـ ئاي، سەھەر پەيتى.

سەھنىدە: تاغ باغرى ـ چاقماق دەريا ۋادىسى.

[ئىمام مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى بەشكېرەملىك يىگىتلەر ئاتۇش خەلق ناخشىسى «ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم» نىڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كەتمەن ـ گۈرجەك، مەتىنلار بىلەن ئۇستەڭ چاپماقتا. تەشنائى پەخىرلەنگەن ھالدا مېڭىپ يۈرىدۇ.]

تەشنائى: يارايسىلەر ئەزىمەتلەر، يارايسىلەر!

[«ئەجەب بولدۇم ناخشىسى» سىرتتا بىر يىگىت تەرىپىدىن ئېيتىلىدۇ.]

ناخشا:

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم، ئاھ،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
ئاتام تۇرۇپ، ئانام تۇرۇپ، ئاھ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

[ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى بىر توپ يىگىت ـ قىزلار تەكرارلىغانچە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سېۋەت، دەستە ـ دەستە قېتىق ـ قايماق، داستىخانلاردا چوڭ نان، ئارانان، زاغرا نانلار. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سالام ـ سەھەت قىلىشىدۇ، تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىدۇ.]

ئاتۇش يىگىتى A: ئاغىنىلەر، قالتىس غەيرەت قىلىپسىلەر جۇمۇ، ئىشلىرىڭلارمۇ ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ.

ئىمام مۇھەممەت: ئاتۇشلۇق قېرىنداشلىرىمىز يار ـ يۆلەك بولمىسا، بۇنچىلىك قىلالىشىمىز ئاسان ئەمەس ئىدى. بەشكېرەم خەلقى، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇلۇغ جۇمە كۈنى چاقماق سۈيى بىلەن ئۆز تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ!

ئاتۇش يىگىتلىرى: ئاپىرىن سىلەرگە!

ئاتۇش يىگىتى A: ھۆرمەتلىك ئاتا، ئاغىنىلەر، ھال سوراپ كەلدۇق. مانا بۇ ـ ئاتۇش نانلىرى، قېتىق ـ قايماقلىرى. مانا بۇ ـ بەشكېرەم باغۋەنلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۈلاپ ئەي قىلىپ بەرگەن ئاق ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، مانتا ئۆرۈكلەر. ئېتىپ بېقىڭلار.

تەشنائى: رەھمەت سىلەرگە. قېنى، يىگىتلەر ئازراق ئېغىز تەگكۈزۈپ تۇرۇڭلار، داستىخانلارنى يىراق ـ يېقىندىكىلەر يىغىلغاندىراق ئاچارمىز. ھە، قېنى!

[تەشنائى ئاتا ۋە يىگىتلەر بىر نەچچە تالدىن ئۆرۈك ئېلىپ ئېغىزغا سالىدۇ، ئۆزئارا ماختىشىدۇ:]

ـ ۋاھ، ئەجەب پىشىپتۇ!

ـ مەي بولۇپ كېتىپتۇ، مەي!

تەشنائى: بايا ناخشا ئېيتقان قايسىڭلار، يىگىتلەر؟ كارامەت ئېيتىدىكەن، يەنە بىر ئاڭلىغان بولساق ـ ھە!

بەشكېرەم ياشلىرى: راست ـ راست!

ئاتۇش يىگىتى B: تەشنائى ئاتا، بىز ئۆزلىرىنىڭ مۇقام ـ ناخشىلىرىغا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا ئىدۇق.

ئاتۇش ياشلىرى: راست، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، ئاتا.

تەشنائى: ئۆز ئاغزىمدىن تۇتۇلۇپتىمەن ـ دە، خېير بوپتۇ. ئولتۇرۇڭلار ـ ئولتۇرۇڭلار. ۋاقتى كەلگەندە سىلەرمۇ جۆر بولىسىلەر جۇمۇ.

باشقىلار: بولىمىز!

تەشنائى: ناخشا:

(بىرىنچى مەشرەپ ـ «يۈزۈڭدىن رەۋزەئى رىزۋان بولۇپتۇ» ئاھاڭىدا)

نەسلى ئادەمىزات بىر جان ئەزەلدىن،
قانۇ قېرىنداش ـ تۇغقان ئەزەلدىن.

ئاتاسى ئادەم، ئاناسى ھاۋا،
يۈرەكتە ئاققان بىر قان ئەزەلدىن.

چەكسىز بۇ ئالەم، يوللار ئۇزاقتۇر،
ئىنسان ـ ئۈزۈلمەس كارۋان ئەزەلدىن.

دوستلۇق، مۇھەببەت ـ سۆيگۈ ئىزىدا،
لەيلى ۋە رەنا ـ رەيھان ئەزەلدىن.

ئەل بىرلىكىگە، ئەل ھۆرلىكىگە،

ئەيلەر خۇسۇمەت شەيتان ئەزگەلدىن.

[مۇزىكا ئۆزگىرىدۇ. يىگىت-قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.]

**ناخشا:**

(ئىككىنچى مەشرەپ - «ھەر پەردىدىن سادايى، ئاسارى يار ئەمەسمۇ» ئاھاڭىدا)

بىزنى تۇغقان - ئۆستۈرگەن
ئالتۇن دىيار ئەمەسمۇ؟
ئالتۇن دىيار قۇچاقى
مەڭگۈ باھاز ئەمەسمۇ؟
(ئاللا، دىيارىم - ئالتۇن دىيار ئەمەسمۇ؟)

ئالتاي - پامىر ئالتۇنى،
يالقۇنتاغنىڭ يالقۇنى،
ئىلى - تارىم دولقۇنى،
ھەممىسى بار ئەمەسمۇ؟
(ئاللا، دىلدارىم، ھەممىسى بار ئەمەسمۇ؟)

بەل باغلىغان پالۋانى،
ئاھۇ كۆزلۈك چولپانى،
ئارزۇ - ئارمان كارۋانى،
سۆيگۈ خۇمار ئەمەسمۇ؟
(ئاللا، بۇ باللا سۆيگۈ خۇمار ئەمەسمۇ؟)

سۇ بىلەن ئالتۇن بىلىق،
بىر تۇخۇمدا ئاق - سېرىق،
خۇددى بىر جان، بىر تىنىق،
يارۇ دىلدار ئەمەسمۇ؟
(ئاللا، بۇ باللا يارۇ دىلدار ئەمەسمۇ؟)

سۆيگۈ - ئۈچمەس يورۇق نۇر،
سۆيگۈ شەبنەم ۋە يامغۇر.
سۆيگۈ بىلەن ئەل مەغرۇر،
ھۆر - بەختىيار ئەمەسمۇ؟
(ئاللا، بۇ ئالەم سۆيگۈ خۇمار ئەمەسمۇ؟)

**ناخشا:**

(ئۈچىنچى مەشرەپ - «ئوتقا سالغىن سەرۋىنى گۈل قەددى مەۋزۇن بولمىسا» ئاھاڭىدا)

باشنىيالماس گۈل - گىياھ زۇمرەت يوپۇرماق بولمىسا،
گۈل - يوپۇرماق نەدە بۇ غەمخارى تۇپراق بولمىسا.

قاغجىراق تۇپراقتا گۈل ئەترە - ئىپار چاچقايمىدى،
زەر بۇلاق، ئويناق ئېقىن بىدارى - ئويغاق بولمىسا.

بولسا تۇپراق، زەر بۇلاق، يامغۇر بىلەن شەبنەم يەنە،
جان بەخش ئالتۇن قۇياشنىڭ نۇرى پارلاق بولمىسا.

ھەر كىشى بىر تال گىياھدۇر، ئەل - قۇياش، تۇپراق، بۇلاق،
يالجىماس يالغۇز گىياھ گۈلزارۇ يايلاق بولمىسا.

خان ئوغۇز، سۇلتان سۇتۇق ئەۋلادى، ئەس - يادىڭدا تۇت،
بەختى كۈلمەس ھەر كىشى بىرلىككە ئامراق بولمىسا.

**تەشنالى:**

بەختى كۈلمەس ھەر كىشى بىرلىككە ئامراق بولمىسا.

[نۇر ئامىنەم ھاسىرىغان، ھولۇققان ھالدا كىرىدۇ.]

**نۇر ئامىنەم:** بەگزادە! . . . ئۇلار. . . ئۇلار كېلىشۋاتىدۇ!

[ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ قالىدۇ.]

**ئىمام مۇھەممەت:** نۇر ئامىنەم، كىملەر كېلىشۋاتىدۇ؟

**نۇر ئامىنەم:** كالتەك - چوماق كۆتۈرگەن نەچچە يۈز- نەچچە يۈز ئادەم. . . سەپ بېشىدا قاسىم قىمارۋازدەك تەلۋىلەر، قولاق كەستى لۈكچەكلەر، جاندىن - جاھاندىن تويغان جېدەلخورلار!

**ئىمام مۇھەممەت:** نېمىدەپ كېلىشۋاتىدۇ؟

**نۇر ئامىنەم:** بەشكېرەملىككە سۇ بەرمەيمىز، سۇ ئورنىدا قان ئاققۇزىمىز دەپ!

**كۆپچىلىك:** ۋۇ، قارانىيەتلەر!

[تەۋەككۇل ھاسىراپ كىرىدۇ.]

**تەۋەككۇل:** ئىش چاتاق، ئاغىنىلەر، ئۇلار بەك كۆپ! سەئىدۇللا ئىشاننىڭ سوپىلىرى يۇرت - يۇرتتا جەرە سېلىپ ئادەم توپلاۋاتىدۇ، قوراللاندۇرۇۋاتىدۇ!

[ئات تۇياقلىرى ساداسى. قامچا تۇتقان ھېسامىددىنباي كىرىدۇ.]

**ھېسامىددىنباي:** تەشنالى ئاتا، بەگزادە، ئۇلار دېدىمۇ؟

**نۇر ئامىنەم**
**تەۋەككۇل** : دېدۇق.

**ھېسامىددىنباي:** ھازىرقى ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۈچىغا چىققان قانتەللىرىدىن بەش . ئالتىنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى. قان تۆكۈلگەن ھامان يۈزلىگەن ئادەمنى جەڭگە سالماقچى!

**كۆپچىلىك:** ۋۇ، مۇناپىقلار!

**ھېسامىددىنباي:** نەچچە سوپى - دەرۋىشنى بەشكېرەمگە يولغا سېلىشۋەتتى!

**كۆپچىلىك:** ھە؟

**ھېسامىددىنباي:** ئۇلار بەشكېرەم خەلقىنى، ئوغلانلىرىڭلارنى ئاتۇشلۇق كاللا كېسەرلەر يەپ بولدى، ئىنتىقام ئېلىڭلار، قانلىق قىساس ئېلىڭلار! دەپ قوراللاندۇرۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەكچى!

قانلىق جەڭگە سالماقچى! . . . قوراللىق چېرىكلەرمۇ تەييار ھالەتتە تۇرۇپتۇ. ئىككى تەرەپ راسا سوقۇشۇپ، ھالسىزلانغاندىن كېيىنلا كاراستىنى كۆرسەتمەكچى!

**ئىمام مۇھەممەت:** تەشناگى ئاتا، يۇرتقا دەرھال ئادەم ماڭغۇزۇۋەتسەك، ئۇلار كەلمىسە.

**ھېسامىددىنباي:** شۇنداق قىلسىلا بەگزادە، ئۇلار كەلمىسۇن، ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ!

**تەشناگى:** ياخشىسى، ھەممىمىز قايتىپ تۇرايلى.

**بەشكېرەم ياشلىرى:** قايتىپ تۇرايلى؟

**ئاتۇش يىگىتى A:** نېمىشقا قايتىسىلەر؟ بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ، بىر باغنىڭ مېۋىسىنى تەڭ يەپ ئۆتكەن قان - قېرىنداشلار ئەمەسمۇ بىز؟ بىزنىڭ قولىمىزنىڭمۇ پەنجىسى بەش، قاراپ تۇرمايمىز، ئەلۋەتتە! بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ كۆرمەمدۇق؟

**ئاتۇش ياشلىرى:** راست!

**تەشناگى:** دۇرۇس، بېشىمىزغا كەلگەن بارچە دەرد - كۈلپەتلەرنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان قان - قېرىنداشلار بىز، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىز. . . (مۇڭلۇق مۇزىكا) مانا ھازىر 1947 - يىلنىڭ 6 - ئېيى، شۇنداقمۇ؟

**ھەممەيلەن:** شۇنداق.

**تەشناگى:** بۇنىڭدىن توپتوغرا 45 يىل بۇرۇن - 1902 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چوش مەزگىلىدە ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەن. شۇ قېتىمقى ئاپەتتە 1314 كىشى قازا تاپقان، بالىلىرىم، 1314 كىشى! 31870 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلگەن، سان - ساناقسىز مال - چارۋا، ئۆي قۇشلىرى قارا تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن!①

**ھېسامىددىنباي:** راست، بوۋام بىلەن ئاتاممۇ شۇ چاغدا. . . (كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ.)

**تەشناگى:** مېيىتلارنى ئىزدەپ تېپىپ، تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنى بويىچە يەرلىكىدە قويغانلار يەنىلا بەشكېرەم، پەيزاۋات، قورغان - سەمەن خەلقى، قەشقەر شەھەر خەلقى ئەمەسمۇ؟ مېيىپ - مەجرۇھلارغا، يېتىم قالغان نارەسىدە ئوغۇل - قىزلارغا خەيرىخاھلىق، ئاتىدارچىلىق قىلغانلار يەنە شۇلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلار جان پىدالىق بىلەن ئەنە شۇنداق تۇتۇش قىلمىغان بولسا، يەر تەۋرەشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش بەسى مۇشكۇل ئىدى.

**تەۋەككۇل:** سەئىدۇللا ئىشاننىڭ ئاتىسى شۇ چاغدا كېيىنلىك رەخت بىلەن «جاۋابنامە» سېتىپ بەك باي بولۇپ كېتىپتىكەنمىش، راستمۇ، بوۋا؟

**تەشناگى:** ئۇلارنىڭ ئاتا كەسپى شۇ ئەمەسمۇ، بالام!

[چەتتە ئىشلەۋاتقان بەشكېرەم ياشلىرىدىن بىر - ئىككىسى قايتىپ كىرىدۇ.]

**يىگىتلەر:** ئۇلار يېقىنلاپ قالدى، بوۋا.

**تەشناگى:** رەھمەت، ھېسامىددىنباي، رەھمەت يىگىت - قىزلار، ۋاقتىنچە خوشلىشايلى. خوش، خۇداغا ئامانەت.

**نۇر ئامىنەم:** ناخشا:

(بىرىنچى داستان - «نائەھلى بىلەن سۆھبەت قۇرما ھەر يەردە» ئاھاڭىدا)

خوش، خۇداغا ئامانەت جانۇ جىگەرلەر،
خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەر - نۇرلۇق گۆھەرلەر.
(ئاتۇش يىگىت - قىزلىرى قوشۇلىدۇ.)
تاشلىق دالا - سايلاردا شامۇ سەھەرلەر،
ئەل - يۇرت ئۈچۈن تۆكتۇڭلار ساپ قانۇ - تەرلەر.

**ئىمام مۇھەممەت:**

خوش، خۇداغا ئامانەت جانۇ جىگەرلەر،
بىزنى سۆيگەن جانان قىز، مەردانە ئەرلەر.
(بەشكېرەم ياشلىرى قوشۇلىدۇ.)
ئەجەب ۋاقتا ئايرىلدۇق، ئاھ بۇرادەرلەر،
بىزگە سوزغاچ قارا قول ئىچى زەھەرلەر.
(ئىككى تەرەپ بىللە ئېيتىدۇ.)
بىر دەريانىڭ سۈيىنى بىللە ئىچەرمىز،
قېرىنداشلىق يولىدا جاندىن كېچەرمىز،
يۈرەك سۆيگەن پەللىگە بىللە يېتەرمىز،
خوش، خۇداغا ئامانەت جانۇ جىگەرلەر.

[ناخشا ئېيتىلىش جەريانىدا ئىككى تەرەپ ئاستا - ئاستىلاپ ئىككى ياققا ماڭىدۇ. سەھنە پۈتۈنلەي بوش قالىدۇ. سىرتتا چۇقان - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلىدۇ. ئېكراندا قويۇق چاڭ - توزان پەيدا بولىدۇ. چاڭ - توزانلار ئارىسىدا چوماق - كالتەك، ئارا، قىلىچ، پالتىلار كۆرۈنىدۇ. مىخلىق چويۇن چوماق، ئىلمەكلىك نەيزە، قىلىچ، تۆمۈر ئارا كۆتۈرگەن تۆت - بەش لۈكچەك قاسىم قىمارۋازنىڭ باشلامچىلىقىدا بېسىپ كىرىدۇ.]

**قاسىم:** ۋۇ، توخۇ يۈرەكلەر، سايىمىزنى كۆرەر - كۆرمەيلا قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ - دە! بىر قوشۇق قېنىنى ئىچكىنىمىز - ئىچكەن. يۈرۈڭلار!

**لۈكچەك A:** قاسىمباي، خورازنىڭ نوچىسىمۇ «ۋاڭ» دەپ قاچقان ياخشىنى قوغلىمايدۇ.

**لۈكچەك B:** سوقۇشقاق قوچقارمۇ قاچقان قوچقارنى ئۈسمەيدۇ.

**لۈكچەك C:** بولدى قىلسىلا، قاسىمباي!

① بۇ سانلىق پاكىتلار «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1988 - يىل 23 - ئىيۇن سانىدىن ئېلىندى.

**قاسىم:** نېمانداق بوشاڭلىق قىلىدىغاندۇ بۇ نېمىلەر!

[سەئىدۇللا ئىشان كىرىدۇ.]

**سەئىدۇللا ئىشان:** توختاپ قاپسىلەرغۇ، پالۋانلار؟

**لۈكچەك A** : ئۆزى تۇگۇل ئىزىمۇ قالماپتۇ، تەقسىر.

**سەئىدۇللا ئىشان:** ئۆز رىزقىڭغا چاڭگال سوزۇۋاتقان، پۈتۈن يۇرت خەلقىنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسىگە قول سوزۇۋاتقان، ھەمشىرىلىرىڭنى بۇلاپ قېچىۋاتقان هارامتاماق ئوغرىلارغا يول قويىدىغان بولساڭ، قارغىشقا كېتىسەن، بەتبەخت. دۇئايىبەتكە كېتىسەن! قولى تۇتماس، پۈتى باسماس يېرىمجان مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىسەن!

**لۈكچەك A** : ئىشان خوجام، خىزىر ـ ئەۋلىيا خوجام، مەن ئېزىپتىمەن، كۆڭلى قارىلىق قىلىپتىمەن.

**قاسىم:** مېڭىشە، ئاقنانچىلار! (باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ.)

**سەئىدۇللا ئىشان:** بەشكېرەملىكلەرنىڭ بۇ يەرگە دەسسىگەن پۇتلىرىنى چېقىۋېتىڭلار، ئەزىمەتلەر!

[ھەرىبىي ئەمەلدار كىرىدۇ.]

**ھەرىبىي ئەمەلدار:** ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتامدۇ ـ نېمە، ئىشان خوجا؟

**سەئىدۇللا ئىشان:** خاتىرجەم بولسىلا خوجايىن ئالىيلىرى، ماڭغۇزغان مۇرىتلىرىمنىڭ كېيىنى ئاڭلىغان هامان پۈتۈن بەشكېرەملىك «قان قىساس!» دەپ نەرە تارتىپ كەلمەي قالمايدۇ!

**ھەرىبىي ئەمەلدار:** ئاتۇش، بەشكېرەم تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قانلىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ، دەڭ؟

**سەئىدۇللا ئىشان:** ئەلۋەتتە، خوجايىن ئالىيلىرى. ئۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل!

**ھەرىبىي ئەمەلدار:** تىجارىتىڭىز يەنە بىر قېتىم بازار تاپىدىكەن ـ دە!

**سەئىدۇللا ئىشان:** ئۆزلىرىنىڭچۇ، خوجايىن ئالىيلىرى؟

**ھەرىبىي ئەمەلدار**
**سەئىدۇللا ئىشان** : ھا ـ ھا ـ ھا!...

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 5 ـ كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1947 ـ يىل 7 ـ ئاي، پېشىن مەزگىلى.

سەھنىدە: قاغجىراق تاشلىق ساي، يىراقتا ئاتۇش تاغلىرى.

[«دوست خېنىم» مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ. ۋىسال تەشنالىقىدا دەرمانسىزلانغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، يالىڭاياغ ئىمام مۇھەممەت ئۆزىنى بىر ناياقنى تايانغان هالدا ناخشا بىلەن كىرىدۇ.]

**ئىمام مۇھەممەت:** ناخشا:

ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە
پۇرايدۇ بەشكېرەم باغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ھىجران ئوتىنىڭ داغى.
دوست خېنىم ئامان ـ ئامان،
يار، دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

تۈن ـ كېچە قارا بېسىپ،
كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ.
بوينۇڭدىكى مارجاننىڭ
يىپى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.
دوست خېنىم ئامان ـ ئامان،
يار، دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

ئاھ، تەشنالىق، جاننى قۇرۇتقان تەشنالىق!..!

[هاۋا قاتتىق گۈرۈلدەپ، چاقماق چېقىلىدۇ.]

**ئىمام مۇھەممەت:**

گۈرۈلله كۆك
چېقىل چاقماق،
ئانا يەر ئەمدى ئويغانسۇن!
هاياتلىق زەمزىمى بەخش ئەت،
زېمىن تەشنالىقى قانسۇن!

زېمىن تەشنالىقى قانسۇن،
مېنىڭ تەشنالىقىم مەيلى.
جاپا دەشتىدە مەجنۇنمەن،
ئۇياقتا،
ئۇياقتا جانكۆيەر لەيلى...

[يەنە شۇ ئاھاڭدا ناخشا ئېيتقاچ چىقىپ كېتىدۇ.]

چۆل كېزىپ، داۋان ئېشىپ،
يار ۋەسلىڭگە ئېرىشەي.
مېھرىڭنى قەدىرلانىم،
جېنىم بىلەن تېگىشەي.
دوست خېنىم ئامان...

[ناخشا ئاۋازى يىراقلىشىش بىلەن تەڭ «كەلكۈن!... كەلكۈن!...» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، يىغا ـ زارە كۆتۈرۈلىدۇ.

ۋەھىمىلىك مۇزىكا.

ئېكراندا قورقۇنچلۇق قىزغۇچ كەلكۈن ئەكس ئېتىدۇ. لاي ـ لاتقىلىق كەلكۈننى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇس پور رەڭلىك، پەۋقۇلئاددە كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ۋە شۇنداق رەختلەرنى ئويناتقان ئون نەچچە قىز كەلكۈن ئۇسسۇلى ئويناپ كىرىدۇ. ئاستىدىن قويۇپ بېرىلگەن قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەرگىمۇ پوررەڭ نۇر بېرىلىدۇ.

ئاپئاق لىباسقا ئورالغان نۇر ئامىنەم بۇ دەھشەتلىك كەلكۈن قاينىمىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. گاھى قىرغاقلارغا يامىشىدۇ، گاھى دولقۇنلار بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، تۆۋەنلەيدۇ، قايناملاردا پىرقىرايدۇ. ئۇلۇغ كەلكۈن ئاخىرى ئۇنى ئۆز قوينىدا ئېقىتىپ كېتىدۇ.

ھەممىلا جايدىن مۇسىبەت سازى ياڭرايدۇ.

سەئىدۇللا خوجا ئىشان غالىبانە قىياپەتتە كىرىدۇ. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

قولىدا ئاچماقلىق تاياق، تاياقنىڭ ئاچماقلىرىدا ئاق - قىزىل، كۆك - قارا لاتىلار. تاياقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە تالا - تالا بولۇپ كەتكەن ئەسكى لەۋھە. لەۋھەدە «جاۋابنامە» دېگەن خەت.

سەئىدۇللا ئىشاننىڭ ئارقىسىدا چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر نەچچە مۇرىت، مۇرىتلارنىڭ دۈمبىسىدە توپ - توپ كېپەنلىك رەخت. ئۇلار مەيداننى ئايلىنىپ جەر، سالىدۇ.]

سەئىدۇللا ئىشان:

جەننەت - بېھىش يول خېتى - بۇ جاۋاب - سوئال.

مۇرتلار: ھەق جاۋاب - سوئال.

سەئىدۇللا ئىشان: تىللا ساناپ ئال ئۇنى،
ساپ ئالتۇنغا ئال.

مۇرتلار: ئال - ئال - ئال!

سەئىدۇللا ئىشان: ئاخىرەتلىك ئاق لىباس -
پىرىمدىن مىراس.

مۇرتلار: راست، راست، راست!

سەئىدۇللا ئىشان: يەتتە جەننەت، بىر بېھىش
بەندىسىگە خاس.

مۇرتلار: راست، راست، راست!

سەئىدۇللا ئىشان: تۆگەپ كەتسە قالمايدۇ،
چاققان كېلىپ ئال.

مۇرتلاز: ئال - ئال - ئال!

سەئىدۇللا ئىشان: ياقۇت، گۆھەر - زەرگىنى
ھەمىيىنىمغا سال.

مۇرتلار: سال - سال - سال! (سەھنىنى ئايلىنىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.)

[قارا كىيىم كىيىپ ئاق رومال ئارتقان، ھاسا تاياق تۇتقان نۇر ئەلا خېنىم ناخشا بىلەن كىرىدۇ. «ئامىنەمۇ ئامىنەم» ناملىق بۇ ناخشىنىڭ مۇزىكىسى ئەسلىدىكىدىنمۇ مۇڭلۇق راق چېلىنىدۇ.]

نۇر ئەلا خېنىم: ناخشا:

نۇر ئامىنەم - ئامىنەم،
بۇ دۇنيادا يېگانەم.
ئۈزۈلدىمۇ جان رىشتەڭ،
ئېسىل گۆھەر - دۇردانەم.

ئاتۇشۇڭدىن ئاقتىڭمۇ،
بەشكېرەمدە ياتتىڭمۇ؟
يارا بولغان باغرىڭغا.
ئەمدى داۋا تاپتىڭمۇ؟...

(دىمى سىقىلىپ، يوغان بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

تەشنائى: (سىرتتىن سادا) بەگزادە، ئىمام مۇھەممەت بەگزادە!...

نۇر ئەلا خېنىم: «بەگزادە»؟

تەشنائى: بەگزادە... (كىرىدۇ، خېنىمنىڭ تۇرقى - ھالىتىگە قاراپلا) ئەلھەكىملىللا، نۇر ئەلا خېنىم. ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن - بىز ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

نۇر ئەلا خېنىم: بەگزادىمۇ يوقمۇ، ئاتا؟

تەشنائى: يوق، ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكى يوق.

غازىبەگ: (سىرتتىن سادا) بالام، بەگزادەم!... (كىرىدۇ) تېخىچە ئىز - دېرىكى يوقمۇ، ئۇستاز؟

تەشنائى: شۇنداق، غازىبېگىم.

نۇر ئەلا خېنىم: ئەسسالام غازىبېگىم.

سىرتتىن ئاۋاز: غازىبېگىم - بېگىم! (خەۋەرچى كىرىدۇ) بېگىم...

غازىبەگ: ھە، تېپىلدىمۇ؟

خەۋەرچى: بەگزادىنىڭ... ئىمام مۇھەممەت بەگزادىنىڭ جەسىتى...

غازىبەگ
تەشنائى : «جەسىتى؟»
نۇر ئەلا خېنىم

خەۋەرچى: بەگزادىمىز تەشنالىقتا جان بەرگەندەك تۇرىدۇ. مەشۇقى بىلەن بىر جايدا ئىكەن.

غازىبەگ: ھە؟... بىرى تەشنالىقتا، بىرى قاينام قوينىدا. ... ئاھ، مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلار!

نۇر ئەلا خېنىم: بالىلىرىمىزنى يەپ كەتكەن، بەختىمىزنى يەپ كەتكەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئەمەس، مۇ ئاپىتى ئەمەس، ئىناقسىزلىق - يۇرتۋازلىق!

تەشنائى
غازىبەگ : ئاھ، بالىلىرىم!
نۇر ئەلا خېنىم

(پەردە چۈشىدۇ.)

## خاتىمە

ئېكراندا: گۈزەل باھار مەنزىرىسى.

ئومۇمىي خور:

(تەكىت - «قەدەھ ئىچمەك گۇناھ دەپ ئوسرۇ مەردۇد ئەتمىگىل ئەي شەيخ» ئاھاڭىدا؛ ئالدىنقى ئىككى مىسرا تەكرارلانمايدۇ، ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ئۈچ تەكرارلىنىدۇ.)

بىرىپتۇ جان بىرى چاڭقاپ گىياھسىز دەشت - باياۋاندا،
بىرى تىنساق - لەھەڭدىنمۇ خەتەرلىك سەلدە - قايناmda.

ئىناقسىزلىق ۋە يۇرتۋازلىق، خۇراپاتلىق تۇپەيلىدىن،
جاھاندىن ئۆتمىدى كىملەر نادامەتتە، پۇشايماندا؟!

ۋەتەن - ئەل ئالدىدا ئاسىي - گۇناھكاردۇر قەبىھ يۇرتۋاز،
ياشايلى قان - قېرىنداشتەك، ئۈمىد بار ئۆلمىگەن جاندا.

تەشنائى:

ياشايلى قان - قېرىنداشتەك، ئۈمىد بار ئۆلمىگەن جاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇرۇپ كەتكەن كۆل



(دراما)

- بۇ دراما ئەختەم ئۆمەرنىڭ شۇ ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن سەھنىلەشتۈرۈلگەن

## ئابلىكىم روزى

### قاتناشقۇچىلار

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن - دېھقان، 40 ياش
ھەمشىرخان - مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ ئايالى، 38 ياش
نۇسرەت - مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ قىزى، 18 ياش
ھاشىرخان - ئەمەت كۆنچىنىڭ قىزى، نۇسرەتنىڭ دوستى، 18 ياش
ھارۇن بوۋاي - نۇسرەتنىڭ چوڭ دادىسى، 60 ياش
ياسىن مەدەك - نۇسرەتنىڭ ئاشىقى، 25 ياش
ھامۇت - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، 50 ياش
سىدىق بايچەك - كەنت باشلىقى، 45 ياش
ئابدۇرېشىت خوجا - يۇرت مۆتىۋەرى، 60 ياش
سوپى مەخسۇم - يۇرت مۆتىۋەرى، 55 ياش
قادىر پىلاك - دېھقان، 50 ياش
شەمشىنۇر - ئوقۇتقۇچى، 40 ياش
ئەمەت كۆنچى - دېھقان، تىجارەتچى، 45 ياش
بۇۋىخان دوك - دېھقان، 50 ياش
سانىخان - دېھقان، 55 ياش

## 1 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنىدە: يىلتىزلىرى كۆرۈنۈپ قالغان

قوچاق يەتكۈسىز قېرى سۆگەت ئاستىدىكى قەدىمىي كۆل، كۆلنىڭ يان تەرىپىدە خىش بىلەن سېلىنغان ھەيۋەتلىك مەسچىت، ئۇيۇقتا سوزۇلغان يولغۇن، يانتاق، چىگە ۋە قۇم بارخانلىرى.

[سەھنە سىرتىدىن، بامدات نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان جامائەت ۋە سوپى مەخسۇمنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

**سوپى مەخسۇم:** سۇيۇق، دەل - دەرەخ، زەل - زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ جامائەت تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**جامائەت:** شۇنداق، شۇنداق.

**سوپى مەخسۇم:** خوجام، جامائەتنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاللادىن سۇ تىلەپ، بىر دۇئا قىلىپ بەرسىلە.

**جامائەت:** دۇئا قىلىپ بەرسىلە، خوجام.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** (دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ، جامائەت قوشۇلىدۇ) ئى قۇدرەتلىك ئاللا، بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىپ، يۇرتىمىزغا سۇ بەرگەيسەن، شاپائەت يامغۇرۇڭنى ئايىمىغايسەن، ئامىن.

[سىرتتىن جەرە ساداسى ئاڭلىنىدۇ.]

قۇلاق سالغىن ئى ئاللا،
بەندىلەرنىڭ نالىگە.
رەھمە قىلغىن ئى ئاللا،
ئاجىزلارنىڭ ھالىگە.
سۇ بەر ئاللا، سۇ بەرگىن...
ھۇۋ ئاللا، ھۇۋ...

نېمە قىسمەت، نېمە كۈن،
كۆيدى جاھان كۈنۈ - تۈن.
بولدى يۇرتتا قىيامەت،
قۇرۇماقتا زىرائەت.
سۇ بەر ئاللا، سۇ بەرگىن...
ھۇۋ ئاللا، ھۇۋ...

[جامائەت قوزغىلىپ، مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن سەھنىگە كىرىدۇ.]

**سوپى مەخسۇم:** جامائەت، خوجامنىڭ دىدارىنى غەنىيمەت بىلىپ تاۋاپ قىلىۋالايلى (جامائەت بىر - بىرلەپ ئابدۇرېشىت خوجا بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلايدۇ).

**ئابدۇرېشىت خوجا:** بىر كۈندە يەتتە مەرتىۋە كۆرۈشكۈلۈك.

**سوپى مەخسۇم:** شۇنداق، خوجام. جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئامەت دېسىلە بىزگە، ئامەت. دۇئالىرىنىڭ بەركاتىدا خۇدا ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلغاي.

**ئەمەت كۆنچى:** ھەممە ئادەم يېسەم دەيدۇ، بەرسەم دەيدىغان گەپ چىقمايدۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى پۇل بىلەن ئېقىۋاتىدۇ، پۇل بىلەن.

**سىدىق بايچەك:** دېگىنىڭ راست، ھازىر ئۇرۇغ - تۇغقان، ئادىمگەرچىلىك، پرىنسىپ دېگەنلەرنى توپا بېسىپ قالدى.

**ئەمەت كۆنچى:** سېنى بىرسى ئۆيىگە چاقىرسا، ھەرگىز مەقسەتسىز داستىخان سالمايدۇ. ھەتتا ھازىر تەشكىلمۇ تەشكىلگە پارا بەرمەي ئىشنى ئاقتۇرالمايدۇ.

**قادىرپىلاك:** ما ئىشنى كۆر، جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇنداق بوپكەتتى، دەڭلا تېخى. بىز ئەمدى ھەر قېتىم يېزا چوڭلىرىغا ئوغۇت دەپ بارساق شۇنداق قىلارمىزما. بۇنىڭغا جان توشارمۇ؟

**سوپى مەخسۇم:** مەنچە، يۇرتىمىزغا سۇ كېلىدىغانلا ئىش بولسا، سېلىق چاچساق خەق ئىشتىنىنى سېتىپ بولسىمۇ بېرىدۇ جۇما.

**ھامۇت:** ئۇغۇ راست، ئەمما خەققە ئېغىر كېلەرمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېھقانلارنىڭ سېلىقىمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

**سىدىق بايچەك:** بۇنداق دەپ ئولتۇرساق، يە ئىش ئاقمىسا، قانداقمۇ قىلىشىپ كېتەرمىز؟!

**ھامۇت:** مەنچە، سۇيىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىس بولۇشى، كەنتىمىزنىڭ يېزىنىڭ ئايىغىدا بولغانلىقىدا. شۇڭا بىز يالجىماي كېلىۋاتىمىز.

**قادىرپىلاك:** كادىرلىرىمىز ئوبدانراق كۆڭۈل بۆلسە، مۇشۇ قۇملۇقنى كېسىپ بىر ئۆستەڭ چاپساق ھەممە خاپىلىق تۈگەيتتى.

**جامائەت:** قادىرۋاينىڭ دېگىنى توغرا زادى.

**سىدىق بايچەك:** بۇنى يۇقىرىغا كۆپ قېتىم دېدۇق، بىزنىڭ ھامۇت سېكرېتارنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ماڭغان يولىمۇ ئاز ئەمەس، جامائەت.

**ھامۇت:** بۇنىڭغا ناھىيىنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس، نېمىشقا دېسەڭلار، بۇ ئىشنى ناھىيىنىڭ پىلانىغا يەنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈش كېرەك. بۇ توغرىلىق يېزا باشلىقلىرىمۇ ئاز يول ماڭمىدى. بىر قانچە قېتىم مۇزاكىرە يىغىنى ئېچىپ كۆپ باش قاتۇردى.

**ئەمەت كۆنچى:** مەنچە، بۇ ئىشقا كۆپ باش قاتۇرۇش كەتمەيدۇ. كۆڭلىمىزدىكىنى قەغەز يۈزىگە پۈتۈپ، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئۆيىگىلا بارىمىز.

**سىدىق بايچەك:** يەنە بىر نەرسە ئاپارمىساق بولماس.

**ئەمەت كۆنچى:** ئاپارماي بولامتى ئەمىسە. «قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ «سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، بىز مۇزاكىرىلىشىپ كۆرەيلى» دەيدۇ -دە، گوللاپ يولغا سالىدۇ. بىلسەڭلار، ھازىر سېكرېتارنىڭ ئۆي سېلىۋاتقان ۋاقتى، سوۋغا - سالام ئاپىرىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى كەلگەن چاغ جۇما، جامائەت.

**سىدىق بايچەك:** سېكرېتارنىڭ سېلىۋاتقان ئۆيىگە ئاتاپ تېرەكتىن 40 ـ 50 تۈپ كېسىپ بارمىساق بولمايدىكەن ـ دە.

**ئەمەت كۆنچى:** كېيىمنى بۆلمىگىنە، ئۇ دېگەن بۇنداق كەنتتىن 18 نى باشقۇرىدىغان ئادەم تۇرسا، سەن ئاپارغىچە خەقلەر تېرەك دېگەننى ئاللىقاچان ئاپىرىپ دۆۋىلىۋەتمەي تۇرامدۇ.

**سىدىق بايچەك:** ئەمىسە 20 ـ 30 ئادەمنى ئاپىرىپ ئۆيىنى سالدۇرۇپ بېرەيلى، بىزدە تامچى، ياغاچچى دېگەن تولا گەپ.

**ئەمەت كۆنچى:** نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغاندەسەن، ھازىر ئۇلار كومۇلاچ لايدا تام سېلىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۆي دېگەننى سېمونت بىلەن خىشتا سالىدۇ. سېنىڭ بۇ ياغاچچى ـ تامچىلىرىڭ ئۇنداق ئۆينى سېلىش تۇگۇل كۆرۈپمۇ باقمىغان. ھازىر سېكرېتارنىڭ پۇلدىن باشقىغا ئېھتىياجى يوق.

**سىدىق بايچەك:** پۇلنى قانداق تەگلىگىلى بولىدۇ؟

**ئەمەت كۆنچى:** بۇ ئاسان. ئىككى تاتازىنى لىپاپقا سالىمىز ـ دە، خوجام باشلىق بىر قانچە مۆتىۋەرلەرنى ئۆيىگىلا ئەۋەتىمىز. ئۇلار لىپاپنى داستىخاننىڭ بۇرجىكىدە قويۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام، ۋەسسالام.

**قادىر پىلاك:** ياللا، قۇملۇقتىن ئۆستەڭ چاپماق ئەجەبمۇ تەسكىنا.

**ھامۇت:** بۇ، قۇملۇقتا ئۆستەڭ چېپىشتىن نەچچە ھەسسە تەس، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك نازۇك ئىش. سەل قىڭغىر كەتسە، ھۆكۈمەتكە جاۋاب بەرمەك تەس. ئەقلىمىزنى جورۇپ ئېھتىيات بىلەن قىلغىنىمىز تۈزۈك. سىلىچە قانداق قىلساق بولار خوجام؟

**ئابدۇرېشىت خوجا:** مەنچە، ئەمەت كۆنچىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى، ھامۇت سېكرېتارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغىنىمىز دۇرۇستەك تۇرىدۇ.

**ھامۇت:** ئەمىسە ئوبدانراق تەييارلىق قىلايلى.

[سىرتتىن بىرسى كىرىپ سوپى مەخسۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ.]

**سوپى مەخسۇم:** خوجام، ئاۋۇدۇن باي بۈگۈن مەسچىتكە كېلەلمىگەن ئەمەسمىدى، مانا ھازىر خەۋەر كەلدى، نەۋرىسى جان ئۈزۈپتۇ (جامائەت دۇئا قىلىدۇ). جامائەت، پەتە ئوقۇپ كېلەيلى (جامائەت سىرتقا مېڭىشىدۇ).

**قادىر پىلاك:** نېمە كېسەل بولغىدى؟

**نامازخان A:** نېمە كېسەل بولماقچىدى، يەنە ھېلىقى ئىچى سۈرگۈ بولمامدۇ.

**قادىر پىلاك:** ئەجەپمۇ تۈگىمىدى شۇنچىلىك كېسەل (چىراغ غۇۋالىشىدۇ).

[ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالا ـ قويلارنىڭ مۆرەش ـ مەرەشلىرى كۆل بويىنى بىر ئالىدۇ. چىراغ يورۇپ سىرتتىن چىلەك، سوغا، قاپاق ـ نوگايلارنى كۆتۈرۈشۈپ نۇسرەت، سانىخان، بۇۋىخان دوك، ئايال A قاتارلىقلار كىرىدۇ.]

**سانىخان:** (كۆل تەرەپكە قاراپ) خەقلەر ئۇلاغلىرىنى سۇغارغىلى تۇرۇپتۇ. قىزىم نۇسرەت، قاراپ بېقىڭ، سۇ ئالغۇدەك بىكار يەر بارمىكىن.

[نۇسرەت قاپاقنى كۆتۈرۈپ كۆلگە ماڭىدۇ.]

**بۇۋىخان دوك:** (دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ) بۇ يىل سۇ بۇلتۇرقىدىنمۇ قىس بولدىمۇ دەيمەن.

**سانىخان:** شۇنداق بولمامتىكى ئەمىسە. بۇلتۇر بۇ چاغدا كۆلدە سۇ بار ئىدى. بۇنداق ئۆچرەتتىمۇ تۇرۇپ كەتمەيتتۇق. كۆلدە ھاشاراتلارمۇ ئاز بولىدىغان. بۇ يىل نېمە بوپكەتتى خۇدايىم.

**ئايال A:** بۇلتۇر بۇغداي كەنجى سۇيىگىمۇ قانغان. شۇڭا بۇغداي ئوخشاپ، ئۈرۈك ـ ئالمىلارمۇ خېلى سۇلۇق پىشقانتى. بۇ يىل خۇدا ئۇردى بىزنى.

**بۇۋىخان دوك:** ئەمما بۇلتۇر مەن غەلىگە ھۆددە يەرنىڭ بۇغدىيىنى چىقىشتۇرالماي، قالدۇرۇق يەرنىڭ بۇغدىيىنى قوشۇپ ئۆتكۈزدۈم. ئامالنىڭ يوقىدىن بىر قويىنى سېتىپ يېگىلى ئاش ئالدىم. كېۋەز ۋەزىپىسىگە بولسا موزايىنى ساتتىم. ئەمدى بۇ يىل قانداق قىلىشىپ كېتەرمىزكىن ـ تاڭ.

**ئايال A:** بۇ يىلمۇ كەنتىمىزنىڭ يېزا باشلىقلىرى بىلەن سۇ كادىرلىرىغا يوللىغان سوۋغا ـ سالاملىرى ئاز ئەمەس.

**سانىخان:** مىڭ قاقشىساقمۇ يەنە شۇ. باشلىقلىرىمىزنىڭ رەھمى كېلىپ قالسا غەلىنى كېمەيتەر. ئەممازە دەل ـ دەرەخلىرىمىز قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە.

**بۇۋىخان دوك:** ئەڭ ياخشىسى، بىز ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلمىسەكلا بولاتتىغۇ.

[نۇسرەت كۆل تەرەپتىن چىقىدۇ.]

**سانىخان:** قىزىم، سۇ ئالىدىغان يەر بىكار بوپتىمۇ؟

**نۇسرەت:** بىر ئاز سېلىكتى، ئىككى كۆلچەكتىكى جامىكلار ئارىسىدىلا سۇ قاپتۇ. سۇدا قۇرت دېگەن شۇنداق كۆپكى، خۇددى كۆلچەككە گازىر چېچىۋەتكەندەك بوپ كېتىپتۇ. مىغىلداپ كەتكەن قۇرتنىڭ دەستىدىن سۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيدۇ.

**بۇۋىخان دوك:** ھەي ي... قانداق قىلىمىز، خۇدا رىسقىمىزنى مۇشۇ كۆلگە چېچىپتىكەن. يۇرۇڭلار، كۆزنى يۇمۇپ كۆلچەكلەرنىڭ بىرىدىن ئالىلى ئەمدى (چىقىپ كېتىشىدۇ).

**سانىخان:** بۇ كۆلگە يىل بويى سۇ كىرمىسىمۇ سۈيى تۈگىمەيۋاتىدۇ. ئاشۇ جامىكلارنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك.

**ئايال A:** شۇنداق، بۇ كۆل ئادەملەرنىڭمۇ، ھايۋانلارنىڭمۇ، ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

[نۇسرەت دەرەخ سايىسىدا قاپاقنى قويۇپ ئۈزىنى يەلپۈپ تۇرغاندا سىرتتىن چېلەك كۆتۈرگەن هارۇن بوۋاي كىرىپ كېلىدۇ.]

**هارۇن بوۋاي:** (نۇسرەتنى كۆرۈپ) قىزىم، سۇنى ئېلىپ چىقتىڭىزمۇ؟

**نۇسرەت:** بوۋا، سىز كەلمىسىڭىزمۇ ئۆزۈم ئىككى - ئۈچ يول ماڭسام چېلەك توشاتتى. جاپا تارتىپ كېلىپ يۈرگىچە ئارام ئالسىڭىزچۇ.

**هارۇن بوۋاي:** قىزىم، كىچىككىنە تۇرۇپ ئىشقا چېقىلىپ كەتتىڭ. سۇ توشۇشقىغا بولسىمۇ ياردەملەشمەي بىكار ياتسام بولماس.

**نۇسرەت:** (بوۋىسىغا ئېسىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ) بوۋا، سىزگە دەيدىغان گېپىم بارتى.

**هارۇن بوۋاي:** ئۆيگە بارغاندا دېسەڭمۇ بولىدىغۇ، قىزىم.

**نۇسرەت:** هازىر دېمىسەم بولمايدۇ. هە بوۋا، هالال - هارام دەپ ئايرىيدىكەنمىز، كۆلدىن بىزمۇ، هايۋانلارمۇ، قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ سۇ ئىچىدىكەن، كۆلدىن يەنە بىرنى كولاپ، بىرىدە هايۋانلار، بىرىدە ئادەملەر سۇ ئىچسە بولمامدۇ؟

**هارۇن بوۋاي:** سەن گۆدەكتە قىزىم. كۆلدە شەك يوق، كۆلگە شەك كەلتۈرۈش كۇپۇرلۇق بولىدۇ. خۇدا مۇشۇ يۇرتقا ئاتا قىلغان رىسقى - نىسىۋىنى هەممە جانلىقلارغا تەڭ بەرگەن، بىرىنىڭ رىسقىنى بىرى يېيەلمەيدۇ. خەقلەر باشقا يەرلەرگە كۆل كولاپمۇ باققان، ئەمما سۇ تۇرمىدى. خۇدا مۇشۇ كۆلگە هەممىمىزنىڭ رىسقىنى چاچقان.

[سىرتتىن شەمشىنۇر بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن كىرىدۇ.]

**ئوقۇغۇچىلار:** سالام، بوۋا!

**هارۇن بوۋاي:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالىلىرىم. دەرسىڭلارنى ئوقۇماي نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟

**ئوقۇغۇچىلار:** سىلەرگە ياردەم بەرگىلى.

**هارۇن بوۋاي:** ۋاي شەمشىنۇر قىزىم، شۇنچە پىژغىرىم ئىسسىقتا بىزنى ئويلاپ ئوقۇغۇچى بالىلارنى ياردەملەشتۈرگىلى ئېلىپ كەپسىز - دە.

**شەمشىنۇر:** قېنى، ساۋاقداشلار، بوۋاڭلارنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىڭلار.

[بالىلار چېلەكنى ئالماق بولىدۇ.]

**هارۇن بوۋاي:** ماڭا نۇسرەت قىزىم ياردەملىشىدۇ. سىلەر بېرىپ، كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتقان مومايلارغا هە - هۇ دېيىشىڭلار، بالىلىرىم.

**شەمشىنۇر:** مەيلى ئەمىسە. (بالىلار چىقىپ كېتىدۇ. شەمشىنۇر نۇسرەتنىڭ بېشىنى سىلاپ) تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئىستىقباللىق بالا ئىدىڭىز. هە، قىزىم، هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

**نۇسرەت:** ئېتىز - ئېرىق، ئۆي ئىشلىرى بىلەن، خانىم. (ئۇ شەمشىنۇر ئېسىۋالغان سۇداننى كۆرۈپ) بۇ سۇداننى هەر بىر كۆرسەم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ. كۈندە بۇ سۇداننىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈپ قوياتتىلە، خۇددى شېكەر قىيامى ئىچكەندەك راھەتلىنىپ ئىچەتتىم. هازىر بۇ كۆلنىڭ سېسىق سۈيىنى هەر قېتىم ئىچكىنىمدە، ئۆپكەم ئۆرۈلگەندەك سەسكىنىپ كېتىمەن.

**شەمشىنۇر:** (سوداننى بېرىپ) قېنى، يەنە بىر ئىچىۋېلىڭ، قىزىم.

**نۇسرەت:** ياق، خانىم، ئۆيلىرىگە بارغىچە ئۇسساپ قالمىسىلا يەنە.

**شەمشىنۇر:** مېنىڭدىن غەم قىلماي ئىچىۋېرىڭ، قىزىم. (نۇسرەت سۇدىن ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ئىچىدۇ.)

**هارۇن بوۋاي:** خانىم، سىلى ئاتايىن سۇداندا سۇ كۆتۈرۈپ يۈرگىچە بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەرسىلە بولمامدۇ، مەھەللىمىزدە ئىشتىنىنى سەللە قىلىپ يۆگەپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلەر يوقتۇ.

**نۇسرەت:** بوۋا، خانىمغا قوپال سۆزلىمىگەنە. ئىچمىسە مەيلى ئەمەسمۇ، ياكى بولمىسا بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى بىزگە قىسىنغاندۇ.

**شەمشىنۇر:** (كۈلۈپ) قىزىم، بىلىسىڭىز، سۇداندىكى بۇ سۇ مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيى.

**نۇسرەت:** بۇ كۆلنىڭ سۈيى؟!

**شەمشىنۇر:** شۇنداق. بىراق بۇ قاينىتىلغان سۇ. سۇنى ئىمكان بار قاينىتىپ ئىچىش، سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك كېرەك. سۇنى قايناتقاندا مىكروپلار ئۆلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ كۆلگە هەممە جانلىقلار كىرىپ سۇ ئىچىدۇ. شۇڭا، سۇنى قاينىتىپ ئىچمىسە زادى بولمايدۇ.

**نۇسرەت:** خام سۇ ئىچسە بولمايدۇ، دەپ بوۋامغا تولا چۈشەندۈرىمەن. لېكىنزە بوۋام دائىم ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

**هارۇن بوۋاي:** ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ كۆل سۈيى ئىچىۋاتىمىز، سۇ ئىچىپ ئاغرىپ قاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمىز.

**شەمشىنۇر:** كېسەل مىكروبىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. هازىر تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش - تولغاق، جىگەر كېسەللىرىنىڭ باشلىنىشى ئىچىملىك سۇ ۋە تازىلىققا دىققەت قىلماسلىقتىن بولغان.

**هارۇن بوۋاي:** خانىم، سىلى بۇ گەپنى هازىرغىچە تولا دېدىلە. كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ ئاڭلاپ تۇرسىلا: مۇشۇنداق ئاپتاپ كۆرگەن ئەركەك سۇنى ئىچكەچكە، قېرىساقمۇ ياش يىگىتتەك گۈس - گۈس دەسسەپ، يېگەن - ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك تۇرۇۋاتىمىز.

چىلىشىشقا چۈشۈپ قالساق، تۇرۇپلا سۇيى ئېچىتۇق، دەپ كۈن كۆرمىگەن زەي سۇنى ئىچكەن ئۇنداق لاتا غىلاپ زەيپانىلاردىن نەچچىنى كۆتۈرۈپ ئاتقۇچىلىكىمىز بار بىزنىڭ.

**نۇسرەت:** بوۋا، ئاغزىمغا كەلدى دەپ نەدىكى قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ.

[كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار، بۈۋىخان دوك، سانىخانلار چىقىدۇ.]

**شەمشىنۇر:** ئەسسالام تۇغقانلار.

**بۈۋىخان دوك:** سالام، شەمشىنۇر خانىم. باللارنى ئەكىلىپ ياردەملەشتۇرگەنلىكلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت.

**شەمشىنۇر:** ساۋاقداشلار، ئۇلارنىڭ سۈيىنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىڭلار.

**ئوقۇغۇچىلار:** ماقۇل، خانىم (چىقىپ كېتىشىدۇ).

[يىراقتىن ياسىن مەدەكنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.]

**نۇسرەت:** (قاپاقتىكى سۇنى چېلەككە قۇيغاچ) بوۋا، سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، مەن قاپاقنى توشتۇزۇپ ئارقىڭىزدىن باراي.

**ھارۇن بوۋاي:** ماقۇل، قىزىم. چاققان بولارسەن ئەمىسە. مەن ماڭدىم (شەمشىنۇر بىلەن چىقىپ كېتىدۇ).

**ياسىن مەدەك:** (ناخشا)

سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى،
مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى.
بىر مەلىدە چوڭ بولۇپ،
بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى.

[نۇسرەت دەرەخنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋا-لىدۇ.]

**ياسىن مەدەك:** (نۇسرەتنى كۆرۈپ قالىدۇ، قەستەنگە) نۇسرەت ھەر كۈنى مۇشۇ كەمدە سۇغا چىقىدىغان. يېقىن ئەتراپتىن پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. كېتىپ قالدىمۇ نېمە. ھەي ي... يەنە كېچىكىپ قاپتىمەن - دە.

**نۇسرەت:** (مۆكۈۋالغان يېرىدىن چىقىپ كۈلىدۇ) سىز ھېچقاچان كېچىكمەيسىز، ياسىن. سىزغۇ قاچانلا قارىسا ئالدىراشلا يۈرىسىز. ئالدىراڭغۇلۇقىڭىزدىن شۇڭا بۇرۇنلا تويى قىلىنىۋالغان دەڭا.

**ياسىن مەدەك:** نۇسرەت، چىققىنىڭىزغا خېلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟

**نۇسرەت:** ياق، تېخى بايىلا چىققان.

**ياسىن مەدەك:** ئەجەبمۇ بولدىيا بۇ ئىسسىق (كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتىدۇ. نۇسرەت ئۇنىڭغا قولياغلىقىنى بېرىدۇ).

**نۇسرەت:** مەڭ، مانىڭدا سۈرتۈڭ.

**ياسىن مەدەك:** (قولياغلىقنى ئېلىپ پۇراپ دوپپىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بېشىغا كىيىۋالىدۇ). رەھمەت.

**نۇسرەت:** مەن ياغلىقنى تەرىڭىزنى سۈرتۈڭ دەپ بەردىم.

**ياسىن مەدەك:** ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولغان بۇ ياغلىقتا تەرنى ئەمەس يۈرىكىمدىكى داغنى سۈرتەيمىكىن دەيمىنا.

**نۇسرەت:** كېپىنىڭ سەتلىكىنى ماۋۇ قىلىنىڭ. خوتۇنى ياغلىق كەشتىلەپ بەرمەمتىكى.

**ياسىن مەدەك:** ۋاي قويۇڭە شۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى. بۇنداق ياغلىقنى كەشتىلەپ ئېرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇش ئۇن يىلدىمۇ ئەقلىگە كەلمەيدۇ ئۇ كالىنىڭ.

**نۇسرەت:** ئەمىسە نېمىشقا ئالغان؟ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەيىپىنى ئېچىشتىن نومۇس قىلمامدىكى.

**ياسىن مەدەك:** ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئادەمنى گەپكە سالىدىكەنسىز. مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، ئانام: «مۇشۇ خوتۇننى ئالمىساڭ ئاق بولمىغىن، كۆك بولمىغىن، ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئال» دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىن قويۇۋېتەي دېسەم، كۆز بولسۇن، قىش چىقسۇن، دەپ يۈرۈپ مانا ئەمدى بىرنى تۇغۇپ ياتتى. ئەمدى ئۆيگە ئەكەلگىنىمنى كۆرسۇن. ئەگەر ئۆيدىكىلەر ئەكىلىمىز، دېسە، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن. ئۇنىڭدىن شۇنداق تويدۇمكى، ئايلاپ يېنىمدا ياتسىمۇ مايەردە خوتۇنۇم بار دېگۈم كەلمەيدۇ.

**نۇسرەت:** سەت گەپ قىلماڭ، كېتىمەن بولمىسا.

**ياسىن مەدەك:** بولدى، دېمەي. ئەمما بۇ كۆڭلۈمدىكى گېپىم.

**نۇسرەت:** پو ئاتماڭ. ئەمدى مېنى گوللىيال-مايسىز. بۇندىن كېيىن ئىككىنچى چىقمايمەن.

**ياسىن مەدەك:** نۇسرەت، سىز نېمىشقا كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنمەيدىغانسىز. قەسەم ئىچىمەنكى، ئەمدى ئۇنى قويۇۋەتكىنىم قويۇۋەتكەن.

**نۇسرەت:** قېنى، كۆرەرمىز. (ياسىن مەدەك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قولياغلىقا قارايدۇ. نۇسرەت خىجىل بولۇپ يۈزىنى يېرىم توسىدۇ، ياسىن مەدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇسرەتنى قۇچاقلايدۇ.) ۋىيەي، ساراڭ بولدىڭىزمۇ، قويۇۋېتىڭ، بولمىسا ۋارقىرايمەن. رامىزاندىمۇ شۇنداق سەت قىلىق قىلامسىز، قارىغاندا روزا تۇتمىغان ئوخشايسىز - ھە.

**ياسىن مەدەك:** روزا تۇتۇشنى تۇتتۇم. بۇنىڭلىقا روزا بۇزۇلمايدۇ. ئۇنداق قىلماي پەقەت بىرنى، بىرنىلا...

**نۇسرەت:** سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟

**ياسىن مەدەك:** ياق، سىزنى چوقۇم ئالىمەن. مەن سىزگە ئارتۇق تەلەپ قويمىدىم. بوشراقلا بىرنى سۆيۈۋالاي دېدىم شۇ. ئۇنىڭلىقتا نېمە بولىدۇ.

**نۇسرەت:** ياق، بولمايدۇ (ياسىن مەدەك قويۇۋەتمەيدۇ، نۇسرەت ياسىن مەدەكنىڭ بىلىكىنى چىشلىۋالىدۇ. ياسىن مەدەك ئاغرىغاندەك قىلىپ يالغاندىن بىلىكىنى سىلايدۇ).

**ياسىن مەدەك:** ۋاي بىلىكىم، قان چىقىۋاتىدۇ.

**نۇسرەت:** ئۇنچىۋالا قاتتىق چىشلىمىگەنتىم، تۇتىڭە. (ياسىن مەدەك مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلىدۇ) ئەسكى، يالغانچى.

**ياسىن مەدەك:** مەن ماڭاي، ھېلى سېكرېتار، كەنت باشلىقى دېگەنلەر. ئىتقا ئوخشاش شالىنى چېچىپ قاۋاپ كەتمىسۇن يەنە. قاپاقنى بېرىڭ، ھارۋىدىكى سۇدىن تولدۇرۇپ بېرەي.

**نۇسرەت:** سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بىلەن تېگىشىدىغان تەييار تۇخۇم يوق، كۆلنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ كېتىۋېرەي.

**ياسىن مەدەك:** (خىجىل بولۇپ) كونا گەپنى دېمەڭ ئەمدى. دادىڭىزنىڭ يېنىدا شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. بولمىسا مۇناسىۋىتىمىزنى بىلىپ قېلىپ، سىزنى ئۇرسا ئۇ چاغدا مەن قانداق چىدايتتىم دەڭا.

**نۇسرەت:** ۋىيەي، چىدىيالمايمىش تېخى.

**ياسىن مەدەك:** بولدى، ئەكىلىڭە قاپىقىڭىزنى (قاپاقنى ئېلىپ ھارۋىدىن سۇ قاچىلاپ بېرىش ئۈچۈن ئەپچىقىپ كېتىدۇ).

**نۇسرەت:** (ياسىن مەدەكنىڭ ئارقىسىدىن) ئەجەبمۇ ئاقكۆڭۈل - دە، بۇ ياسىن. رىسقىمىز قوشۇلغان بولسا بۇرۇنلا تويىمىزنى قىلماسمىدۇق. بىچارە، كەنت سېكرېتارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھاشار ھېسابىغا بۇ يەردىن 40 چاقىرىم يىراقتىكى ئۆستەڭدىن يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ھارۋىدا سۇ توشۇيدۇ. (ياسىن مەدەك قاپاقنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ) بۈگۈن خېلى بالدۇرلا كەپسىزغۇ؟

**ياسىن مەدەك:** زولۇقنى يەپلا يولغا چىققان. بۈگۈن نۆۋەت خوجامغا كەلگەن. خوجام سۇنى ئەتىگەنرەك ئەكىلىشنى تاپىلىغانتى. (قاپاقنى سۇنىدۇ، نۇسرەت قاپاقنى ئېلىشىغا ياسىن مەدەك ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئىككىسى بىر - بىرىگە تويماي تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ. شۇ چاغدا ئىشەك ھاڭرايدۇ). مەن ماڭاي. كەچتە سىلىنىڭ ئۆي تەرەپتە قىمار بولماقچى. ئاي تۇغقاندا چىقسىڭىز، بىرنى سۆيۈۋالسام ھەممىسىنى ئۇتاتتىم.

**نۇسرەت:** چولام تەگمەيدۇ. ئىشتىنىڭىزنى قوشۇپ ئۇتتۇرۇۋېتەرسىز ئىلاھىم. (ياسىن مەدەك چىقىپ كېتىدۇ، دەرەخ تۈۋىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.) كىم ئۇ يىغلاۋاتقان؟ (ھاشىرخان يىغلاپ نۇسرەتكە ئېسىلىدۇ) نېمىشقا يىغلايسەن، دادىڭ ئۇردىمۇ؟

**ھاشىرخان:** ئۆيدىكىلەر...

**نۇسرەت:** ھە، ئۆيدىكىلەرگە نېمە بولدى؟

**ھاشىرخان:** ئۈچ كۈندىن بېرى مېنى ئەرگە بېرىمىز، دەپ بېشىمنى ئۇچاق ئېتىۋەتتى.

**نۇسرەت:** ۋايجانەي، مۇشۇ گەپمىتتى. مەن تېخى دادىڭ ئاپاڭنى قويۇۋېتىمەن، دەپ دومبالاپ ئۆيدىن ھەيدىۋەتتىمىكىن دەپتىمەن. ئەرگە بېرىمىز دېسىمۇ شۇنچىۋالامۇ بوپكەتكەن بارمۇ؟ يىغلىساقمۇ، قاقشىساقمۇ ھامان بىزنى ئەرگە بېرىدۇ. مېنىمۇ شۇنداق دېيىشىپ يۈرىدۇ. كىمگە بېرەركىن تاڭ، بىلمىدىم. سېنى كىمگە بەرگۈدەك؟

**ھاشىرخان:** يىگىتلەردىن بىرسىگە بەرسىغۇ مەيلىتتى، لېكىن مېنى ئابدۇرېشىت خوجىغا دۇئا قىلدۇرىمىز، دەيدۇ.

**نۇسرەت:** ئەمدى ئۇ قېرىنىڭ دۇئاسىنى ئالمىغان سېنىڭ دادىڭ بىلەن ئاپاڭ قاپتىمۇ؟ يا ئۆلمىدى ئۇ قېرى!

**ھاشىرخان:** (يىغلاپ) ئۇنىمىسام، دادام: «گېپىمگە كىرمەيدىغان بولساڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ قورقۇتۇۋاتىدۇ.

**نۇسرەت:** ئاپاڭچۇ؟

**ھاشىرخان:** ئاپام بولسا: «ئابدۇرېشىتخان خوجا ئەۋلادى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلار ئوبدان كۆكلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ دۇنيالىقىمۇ ئوبدان بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ قېرى ئۇلارغا: «ھاشىرخاننى پەقەت ئۈچ كۈنلۈككىلا نىكاھىمدا تۇتسام تالاق قىلىۋېتىمەن» دەپتىمىش.

**نۇسرەت:** ما ئىشنى قارا، خۇددى جاھاننىڭ ئىگىسى يوقتەك تالاق قىلارمىش تېخى.

**ھاشىرخان:** ھۆكۈمەت بۇنداق ئىشنىڭ بەك چىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا داۋراڭ قىلمايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن لايىقىدا بىرىگە چېتىپ چوكان تويۇڭنى قىلىپ بېرىمىز، دەيدۇ.

**نۇسرەت:** سەن نېمە دېدىڭ؟

**ھاشىرخان:** مەن ئۇنىمىسام، ئۈچ كۈنلۈككە توشقان تېرىسىمۇ چىدايدۇ. ئۇ سېنى تېرىك يۇتۇۋېتىدىغان يالماۋۇز ئەمەس. ئۈچ كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ، دەيدۇ. يىغلاپ - قاقشىدىم. ئەمما نېمە ئىلاج.

**نۇسرەت:** توۋا، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئاتا - ئانىلار بولىدىكەن، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى غالجىر ئىتقا تاشلاپ بېرىدىغان. ئۆتكەن نۆۋەت ئۇ قېرىنىڭ يالاقچىلىرى دادامغا بىر قانچە قېتىم بېسىم ئىشلىتىپ مېنىمۇ دۇئا قىلدۇرۇشقا قىستىغانتى، دادام قەتئىي ئۇنىمىدى. شۇندىن

بىرى دادامغا قەۋەتلا ئۆچ ئۇ نىمىلەر.

**هاشىرخان:** مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ئاداش. سەن داداڭغا دەپ باق، دادامغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇن.

**نۇسرەت:** مەن دادامغا دېسەم سەت تۇرىدۇ، ئاپامغا دەي، ئاپام دادامغا دەپ باقسۇن.

**هاشىرخان:** ئىسىت، سېنىڭ سىڭلىڭ ياكى ئاچاڭ بولۇپ قالغان بولسام بېشىمغا بۇ قارا كۈنلەر كەلمەستى.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 1 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

ۋاقتى: كەچ پېشىم.

[يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان جەرە ساداسى ئىچىدە پەردە ئېچىلىدۇ. كۆل بويىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بولۇپ، ئىككى يىگىت پاراڭلاشقاچ سەھنىگە كىرىدۇ.]

**يىگىت A:** شۇنداق قىلىپ، ئاخشام قىماردا ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ قاقسەنەم بولۇپ قالدۇق دەڭلا، ئاداش.

**يىگىت B:** كۆڭلۈڭلىنى يېرىم قىلماڭلا ئاداش. بورتتا[1] بولسىمۇ ئۇتارمىز.

[ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئى قادىر ئاللا، بەندىلىرىڭگە ئىمان - ئىنساپ بېرىپ، يۇرتىمىزنىڭ ئەرلىرىنى ئاسىي - گۇمراھلىقتىن، بىكار تەلەپلىك، لايغەزەللىكتىن ساقلىغايسەن.

[چىلەك كۆتۈرۈۋالغان ئەمەت كۆنچى كىرىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەمەتاخۇن.

**ئەمەت كۆنچى:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مەمەتاخۇن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** خوجىلىرىڭلارنىڭ يېنىدىن چىقالمايتتىڭلا، ئەجەب بۈگۈن يالغۇز قاپسىلەغۇ؟

**ئەمەت كۆنچى:** يەنە تەنە گەپ قىلغىلى تۇردۇڭلىغۇ.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئانچىكى چاقچاق قىلىپ قويدۇم. دېمەكچى، مەن تېخى سىلىنى ئىزدەپ بارايمۇ دەپ تۇرغانتىم، ئوبدانلا ئۇچراپ قالدىڭلا.

**ئەمەت كۆنچى:** ھە، نېمىكەن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** شۇنداق بىلسىلە، ئەمەتاخۇن، مەن ھازىرغىچە يۇرتتا ھېچكىمنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا ئارىلاشقىنىم يوق. لېكىن، ناھەق ئىشلارنى كۆرسەم زادىلا چىداپ تۇرالمايمەن.

**ئەمەت كۆنچى:** ھە، نېمە ناھەق ئىش بوپتۇ؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ناھەق ئىش دېگەن جاھاندا ساماندەكقۇ. بىراق بۈگۈن سىلىگە دېيدىغان ئىككى شىكىل گېپىم بار. سىلە بىر ئەقىل ئىگىسى بولغاندىكىن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنىسىلە، ياخشىسى ھېلىقى نىيىتىڭلىدىن يېنىڭلا.

**ئەمەت كۆنچى:** مەن تېخى دادامنى كۆمۈپ قويدۇم دېسەم، مايەردە بىرى قوپۇپ ماڭا نەسىھەت قىلغىلى تۇردىمۇ دەيمەن، گەپ قىلمىسا ئادىشاۋا، ماڭا ئىش ئۆگەتمەن دېگىچە ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۇمىچىڭنى ئىچىپ كېلە، بولمىسا ھېلىقى ئىزا تارتىپ قالىسەن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** گەپنى ئاڭلار - ئاڭلىماي نېمانچە قايناپسەن، ئاداش. مەن ئولۇق گەپ قىلىۋاتىمەن. قىزىڭنى تۇتقىچە پۇل - مېلىڭنى بەرسەڭمۇ بولىدىغۇ. بۇنداق دېسەم يەنە مېنى باشقا غەرىزى بارمىكىن دەپ قالما، ئوغۇللۇرۇم تېخى كىچىك جۇما.

**ئەمەت كۆنچى:** ھەي، سەن ماڭا نەسىھەت قىلىدىغان كىچىك بالاڭ ئەمەس جۇما، ھوشۇڭنى بىلىپ گەپ قىل. تولا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشقۇچى بولما. بەرسەم ئۆزۈمنىڭ قىزىنى بېرىمەن. ساڭا ئوخشاش قىزىنى خوجامدىن ئاياپ ئەھلى مەھەللىنىڭ لەنىتىگە قالسۇن دەمسەن مېنى. بۇ، سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. بىلىپ قوي، مەن ساڭا ئوخشاش سا مېڭىسىنى يەپ قالمىدىم تېخى.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇما. ھېلى بىكار سا مېڭىسى يېگەننى كۆرسىتىپ قويماي يەنە. خەير، بوپتۇ، مەن ساڭا ياخشى نىيەتتە مەسلىھەت كۆرسەتكەنىدىم، نەسىھەت كار قىلمايدىغان تەتۈر نېمىكەنسەن. قېنى، ئاخىرىغا بېرىپ «ۋاي ئىسىت» دېمىگىنىڭنى كۆرەرمىز تېخى (ماڭماق بولىدۇ).

**ئەمەت كۆنچى:** ھەي مەممەتەك، ئۆزۈڭچە ھۆكۈمەتكە چىقىپ خوجام بىلەن ئىككىمىزنىڭ پۇتىنى بىر ئۈتۈككە تىقارمەنمىكىن دەپ خام خىيال قىلما. شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ما يۇرتتا ياشايمەن دېگىنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. بىر كېچىدە ئۆي - بىساتىڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمگەنىمنى كۆر.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** (ئارقىسىغا يېنىپ تۇكۇرۇپ) ۋۇ، تۇڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن غالچا، مەن ھۆكۈمەتكە سەندەك نېمىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ ئاغزىمنى ئۇپراتقىچە ئىشتان بېغىمغا ئېسىلىپ ئۇلۇۋالارمەن، ئىلاھىم. نومۇس قىلمىساڭ خوتۇنۇڭنىمۇ دۇئا قىلدۇر، ۋۇ، بەدبەخ! (ئىككىسى ياقا تۇتۇشىدۇ.)

---

① بىلىيارت دېمەكچى.

[سىرتتىن ھامۇت، سىدىق بايچەك، ئابدۇرېشىت خوجا قاتارلىقلار بىر قىسىم جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىدۇ.]

**ھامۇت:** ئەمەتباي، نېمە ئىش بۇ؟

**ئەمەت كۆنچى:** ھېچ ئىش يوق، سېكرېتار. ھەممىلىرى بىلىشىلا، مەمتەك قاچانلا بولسا يوق يەردىن ئىش تېرىپ يۈرىدۇ ئەمەسما.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** ھەر قايسىڭلار ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقارغىدەك بولغاندا ياقا سىققىشىشاڭلار سەت ئەمەسما.

**ئەمەت كۆنچى:** خوش، تەقسىر.

**سوپى مەخسۇم:** (ھامۇتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىدۇ) جامائەت، تارقىلىپ كەتمەي تۇرۇڭلار، سەمىڭلارغا سالىدىغان بىر قانچە مۇھىم ئىش بار. بىرى، كۆنچى ئەمتاخۇن خوجامنى كوپئوغۇللۇقتا قوبۇل كۆردى، بۇنى ئىچىمىزدە بىلىپ قالساقلا بولدى. خوجامدىن قىز مېھرى ئۈچۈن ئەمتاخۇنغا دۇئا بېرىشنى تىلەيلى. (ئەمەت كۆنچى تەكەببۇرانە تۇرىدۇ) ئەمتاخۇننىڭ ھەر ئىككىلا ئالەملىكنىڭ ياخشى بولۇشى، زاتى مۇبارەكلىرىنىڭ خاسىيەتلىك نەزىرىگە يولۇققانلىقىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، يەتمىش پۇشتىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشى ئۈچۈن دۇئا بەرگەيلا، خوجام. (ئابدۇرېشىت خوجىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ سەجدە قىلىپ يىغلايدۇ).

**جامائەت:** دۇئا بەرسىلە، خوجام (ئابدۇرېشىت خوجا دۇئا بېرىدۇ، جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ).

**سىدىق بايچەك:** جامائەت، بۈگۈن ئادەم بېشىغا ئىككى كويدىن سېلىق كەلدى، خوجامنىڭ ئۆيىگە يارىشىقىنى قىلىپ بارىمىز. ئەمدى قالدى گەپنى ھامۇت سېكرېتاردىن ئاڭلايلى.

**ھامۇت:** ئالدىمىزدىكى بىرىنچى چىسلاغىچە خامانىنى تېپىپ، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بولالمىساق، شياڭجاڭ ساقال - بۇرۇتىمىزنى يىكەندە ئالىدۇ. كىمدە كىم غەللىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماي بويۇنتاۋلىق قىلسا، مەندىنمۇ ياخشى گەپ ئاڭلىمايسىلەر. شۇڭا ھەممەيلەن بېشىمىزنى سىلكىۋېتىپ بۇ ئىشقا ھېزى بولايلى. يەنە تېخى ئېغىز ئۇرۇنغا چىلگە قوناق تېرىيدىغان گەپ. ھەر قايسىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ھازىر كەنتىمىزدە ئوسا قىلىش توگۈل، ئىچكىلىمۇ سۇ يوق. ھېلىمۇ ياخشى، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ كۆل بوپقاپتىكەن، بولمىسا نېمە ئىچەتتۇقكى. يەنە بىر ئىش، ئۈگۈنلۈككە شياڭجاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسىگە شەدىن خوتۇن ئەكىلىدىكەن، بۇ بىز ئۈچۈن سۇ ھەل قىلىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى. بولتۇرمۇ شياڭجاڭنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن مەھەللىمىزگە سۇ ئوبدان كېپ بەرگەنتى. ناۋادا بۇ نۆۋەتمۇ سۇ بېرىپ قالسا، بۇغداي ئېگىزى بىلەن كېۋەزلىككە، مۇھىمى كۆلگە سۇ قويۇۋالساق دېگەن مەقسەتتە شياڭجاڭنىڭ تويىغا ئوبدانراق سوۋغا - سالام قىلىپ بارايلى دەپ مۆتىۋەرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. بۇنداق قىلمىساق، سۇ بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ. قانداق، سىلەرچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

**دېھقان A:** ياغدەك گەپ بوپتۇ.

**دېھقان B:** تازا بەلەن مەسلىھەتكەن بۇ.

**دېھقان C:** سۇ ئۈچۈن جېنىمىزنى بەرسەكمۇ ئاز دېسىلە، سېكرېتار.

**سىدىق بايچەك:** توغرا دېيىشتىلە. بىزنىڭ شياڭجاڭ بۇ يېزىدىكى 18 كەنتنى ئالقىنىدا پىرقىرىتىۋاتقان كاتتا رەھبەر. ئۇنىڭ مەركىزگە يۇرت - يۇرتتىن قالتىس چوڭ تەييارلىق بىلەن كېلىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئاشۇرۇپ بارمىساق شياڭجاڭنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ. شۇڭا ئوبدان تەييارلىق قىلايلى.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** مېنىڭچە بولسا، شياڭجاڭغا تۆگە ئاپارساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

**جامائەت:** خوجامنىڭ گېپى بەرھەق.

**سوپى مەخسۇم:** ھەر بىرىمىز 10 كويدىن چىقارساق، قانداق دەيسىلەر جامائەت.

**جامائەت:** بولدى، چىقىرىمىز.

**ھامۇت:** يەنە بىر گەپ، بايا خوجامنىڭ چېيى ئۈچۈن چوقا بېشىغا ئىككى كويدىن ئاپىرايلى دېيىشكەن، ھازىرقى ئىككى كوينىڭ بۇرۇنقى ئىككى موچەنچىلىك كۈچى يوق. مېنىڭچە، بەش كويدىن چىقارساق قانداق دەيسىلەر؟ مەن شەخسەن بەش كوي چىقىرىمەن.

**جامائەت:** بولسا شۇنداق قىلايلى.

**سىدىق بايچەك:** سۇنى شياڭجاڭ بەرسە ئېچىق بېشىدا مىراپ بار. شۇڭا بىزگە سۇ باشلاپ كەلگەن كۆندىن باشلاپ كەتكىچە ئۇنى گۆشتە باقمىساق، بىر ئاچچىقى كەلسە سۇنى باشقا كەنتكە بېرىۋەتسە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مىراپ ئۈچۈن ھەر بىر مو يەرگە بىر كويدىن يىغمىساق يەنە بولمايدۇ. تېخى ھاراق ئىچىدىغان خۇيى بار ئۇ ھاراماتاماقنىڭ.

**سوپى مەخسۇم:** مەيلى، نەچچە پاخلاننىڭ گۆشىنى يېسىمۇ يېسۇن، لېكىن بىزنىڭ يۇرتتا ئىچىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن ئۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن دەۋزىخى.

**جامائەت:** شۇنداق، يۇرتنى بۇلغىمىسۇن.

**ھامۇت:** ئەمىسە گەپ شۇنداق بولدى. خوجامنىڭ چاي پۇلىنى سوپى مەخسۇم، شياڭجاڭغا ئاپىرىدىغان پۇلنى سىدىق بايچەك يىغىدۇ. پېشىندىن كېيىن خوجامنىڭ چېيىغا بارىمىز.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** مەن ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي، جامائەت. (ئابدۇرېشىت

خوجا قاتارلىقلارنىڭ تەرى تۇرۇلىدۇ) بىزگە تېگىشلىك سۇ نۆۋىتىگىمۇ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن شىياڭجاڭنىڭ ئالدىغا خۇشامەت قىلىپ بارساق، خوجامنىڭ دۇئاغا ئالغان ئۈچ كۈنلۈك خوتۇنىغا چاي ئىچكۈزۈشكىمۇ يەنە پۇل يىغساق، ئۇندىن باشقا، ھازىر تۆلەۋاتقان 18 خىل سېلىقتا چىقىش قىلىپ بولالماي ئەھلى مەھەللە قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىۋاتسا، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز سېلىقلار بىلەن خەقنى قىيناساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ! ھېلىمۇ بىر مۇنچە ئادەملەر ۋەيران بولۇپ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ھازىر يىل بويى تۆت سەر ياغ كۆرمەي سېرىقتال ئۆتۈۋاتقانلارمۇ خېلى بار. تېخى تەپمىگەن بۇغداينىڭ ھوسۇلىغا قەرز ئاش ئېلىپ يەپ بولغان ئائىلىلەر جىق تۇرسا يەنە بۇنداق قىلساق بولماس. سەل ئىنساپ قىلايلى.

**سىدىق بايچەك:** ھەي مېكىسىنىڭ سۈيى بار ئىش بۇزدى سارالڭ! خەق سۇ ئىچمىسە، يەر تېرىمىسا بولامتى ئەمىسە؟ يۇرتنى تاشلاپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش گەدەنكەش ناتېپىلار، بىلىپ قوي!

**سوپى مەخسۇم:** شۇنداق، ئۇلار خوجامنىڭ قاغىشىغا كېتىپ ئەل ـ جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەچكە يۇرت هارام بولغانلار. مانا بىز، بىرنەنچىدىن، خوجامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتى، ئىككىنەنچىدىن، مانا ماۋۇ (ھامۇت بىلەن سىدىق بايچەكنى كۆرسىتىپ) يۇرت كاتتىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئوبدان ياشاۋاتمايمىزمۇ.

**سىدىق بايچەك:** شۇ ئەمەسمۇ. ماۋۇ لەقۋانىڭ دېگىنى بويىچە بولسا، شياڭجاڭ قاچان سۇ بېرەركىن، «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرىمىزما؟ شۇنداق قىلمىمىز دېسەڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار، جامائەت.

**دېھقان A:** ياق، سۇنى ۋاقتىدا ئەكىلىپ يەرگە ئۇرۇق سېلىۋالمىساق زادى بولمايدۇ.

**دېھقان B:** جېنىمىزنى ئالسىمۇ مەيلى.

**ئەمەت كۆنچى:** ھەي سارالڭ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئۇقۇپ قوي، ھازىر بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ. سەن پۇل بەرمىسەڭ بىز بېرىمىز. قېنى، سۇ دەپ ئىچىق بېشىغا چىققىنىڭنى بىر كۆرەرمىز.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** كۆپچىلىك، سىلەر ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماڭلار. يۇقىرىنىڭ سىياسىتى ھەرگىزمۇ ئۇلار دېگەندەك ئەمەس.

**سىدىق بايچەك:** ھەي مەمتەك، سەن خۇددى مەركەزدىكى رەھبەرلەر بىلەن بىرگە يىغىنغا قاتناشقاندەك سۆزلەيسەنغۇ؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** مەن تېخى سۆزلىمىدىم، ۋاقتى كەلگەندە سۆزلەيمەن. سىلەر كەنت باشلىقلىرى ـ يۇرت ئاتىلىرى بولغاندىكىن دېھقانلارنىڭ غېمىنى يېسەڭلار بولاتتى. ئەمما سىلەر بىزنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، يالغان دوكلات بىلەن يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ جان بېقىپ كېلىۋاتىسىلەر. ھە دېسەڭلا، يۇرت چوڭلىرى دەپ مۇشۇ بىر قانچە نائىنساپلارنىڭ سىزىقىدىن چىقمايسىلەر. تېگى ـ تەكتى نامەلۇم بولغان، ئۆزىنى خوجا ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ساختىپەزلەرگە خۇداغا چوقۇنغاندەك چوقۇنىسەلەر. ئۆزىچە ئۇلۇغ زاتىمىش تېخى.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** تىلىڭنى تارت، ۋۇ كاپىر ـ ئىمانسىز.

**سوپى مەخسۇم:** يوقال، مەلئۇن.

**ھامۇت:** بۇ يەردىن يوقال دەيمەن، ۋۇ، ئىش بۇزدى سارالڭ!

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** بولىدۇ، مەن بۇ يەردىن يوقىلاي. لېكىن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ھامان بىر كۈنى ئەپتى ـ بەشرەڭلەر چۇۋۇلۇپ خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايى شەرمىساز بولغانلىقىڭلارنى كۆرمەي قالمايمەن. ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم، ھەممىگە كېلەر ئالەم. (چىقىپ كېتىدۇ)

**سوپى مەخسۇم:** ۋۇ، مۇناپىق ـ جوھۇت!

**ئابدۇرېشىت خوجا:** جامائەت، ھازىر مەھەللىمىزدە ھېلى ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىن، ھېلى بىزدەك ئەھلى ئىسلام پېشىۋالىرىنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرۈيدىغان نائەھلى ـ مۇرتەتلەر كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق دىن ھەم قىنىدىن چىققان بەدىرەكلەر بەرھەق ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايدۇ، مانا مۇشۇنداق ئەھلى جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ پاك ئىمانىڭلارنى بۇلغىماڭلار. كىمكى مۇشۇنداق باياشات ـ ھۆر زامانىنىڭ قەدرىگە يەتمەي ناشۈكرىلىك قىلسا بەرھەق تۇزكور ـ دەۋزىخدۇر. جامائەت، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ. سېكرېتار بىلەن كەنت باشلىقىمىز بولسا پارتىيە، ھۆكۈمەت نامىدا يۇرتقا ئاتا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلاردۇر. بىز بۇ يۇرت ئاتىلىرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، باشلىغان يولىدا ماڭساقلا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەمرىنى تۇتقان بولىمىز. مانا، سېكرېتار بىلەن كەنت باشلىقىنىڭ مەسچىتىمىزگە كېلىپ ناماز ئوقۇپ، جامائەت سېپىدە بولۇشى ئەل بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئەلنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىدۇر. بىز سەيدىنباينىڭ بالىسىغا كۆپ نەسىھەت قىلدۇق...

**سوپى مەخسۇم:** شۇنداق. ئەمما ئۇ نەسىھەتكە ئەسلا قۇلاق سالمىدى.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** بىراق ئۇنىڭ مېكىسىنىڭ سۈيى بولغاچقا، نەسىھەت كار قىلماي مۇشۇنداق دىنغا يات، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ

www.uyghurkitap.com

پەرمانلىرىغا مۇخالىپ سۆزلەيدۇ. بۇنداق ئىمانسىزلاردىن ھەزەر ئەيلەيلى، جامائەت!

سوپى مەخسۇم / سىدىق بايچەك: خوجامنىڭ دېگەنلىرى بەرھەق.

(پەردە چۈشىدۇ)

## 2 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنىدە: كونارغان تاملىرىغا چاك كېتىپ، ھويلىسىنى قومۇش، چىغىلىق ۋە قۇم باسقان كەنت ئىشخانىسى.

[پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ بىر توپ ئادەم ھامۇتنى ئورۇۋالغان ھالدا دەتالاش قىلىشىپ سەھنىگە كىرىدۇ.]

**ھامۇت:** ھەي مۇسۇلمانلار، مەن سىلەرگە ئەتىگەنكىياقى قەلەندەرنىڭ ئىتىدەك كاپشىپ سۆزلەۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس، شياڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى. مەنچە بولسا، بۇغداي ساتقان پۇلنى ھازىرلا قولۇڭلارغا بەرسەم بولاتتى، لېكىن شياڭجاڭ بۇ پۇلدىن بىر سىنتىنىمۇ دېھقانلارنىڭ قولىغا بەرمەڭلار، ھەممىسىگە ئوغۇت ئېلىپ بېرىمىز، دەيدۇ. بۇنىڭمۇ يامىنى يوققۇ - ھە، ئوغۇتنى جىق چاچساق كېلەر يىلى ھوسۇلنى كۆپ ئالىدىغان گەپ.

**قادىر پىلاڭ:** كېلەر يىلى ھوسۇلغىچە كانايىنى قوزۇقتا ئېسىپ قويامدۇق؟ ئۆمىدا قەرزگە يېگەن گۆشنىڭ پۇلىنى ئىشتىنىمىزنى سېتىپ بېرىمىزما؟

**بۈۋىخان دوك:** قوناق پىشقىچە نېمە يەيمىز. بەرگەن ئوغۇتتۇڭلارنى يەمدۇق.

**كۆپچىلىك:** راست، ئوغۇت يەيمىزما!

**قادىر پىلاڭ:** «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپ، قورساقنى غەملىۋالغاندىن كېيىن ئوغۇتنىڭ غېمىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھەر قانچە ئوغۇت چاچقان بىلەنمۇ سۇ بولمىسا تۆشۈك يانچۇقتا پۇل سالغاندەكلا بىر ئىش. مانا بۇ يىلمۇ بىر مۇنچە ئوغۇت ئېلىپ چاچتۇق، يالتىراق ياپتۇق، قۇرغاقچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن قىلغان ئىشىمىز ئېشكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە بولدى. بۇندىن كېيىن يېرىمنىڭ ئېچىق بېشىغا سۇنى ئەكىلىپ قويۇپ ئاندىن ئوغۇت ئال، دېسۇن. بولمىسا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم.

**ھامۇت:** ماڭا كەچكىچە ئېسىلىۋالساڭلارمۇ مەندە پۇل يوق، مەن پەقەتلا شياڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم.

**قادىر پىلاڭ:** ئاشلىق ساتقۇزۇشتا بىزگە بۆرىدەك تەگدىڭىز. ۋەزىپىنى ئورۇنداپ يۇقىرىدىن مۇكاپاتمۇ ئالدىڭىز. ئەمدىلىكتە ھەققىمىزنى بېرىدىغان چاغدا بىز بىلەن كارىڭىز بولمىسا بولامدۇ. ئۇنداق قىلماڭ جېنىم سېكرېتار، بىزگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. يۇقىرىدىن چايدان مۇكاپات بەرگەن بولسا، بىز پاخلان سويۇپ مېھمان قىلايلى، قولىمىزغا پۇل تەگكەندىن كېيىن بىزمۇ سىزنى ئوبدان مۇكاپاتلايلى.

**ھامۇت:** ئىشقىلىپ دەيدىغاننى دېدىم، مەندىمۇ نېمە ئامال.

**سانىخان:** شۇنداق، خوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن كارى يوق.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** خالايىق، بولدى تالاشماڭلار. ئۇنىڭغا مىڭ گەپ قىلساڭلارمۇ بىكار، ئېغىزنى ئۇپراتقاننىڭ پايدىسى يوق. بالىسىنى يەۋالغان مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغىنى تۇرغان. ھەممىڭلار مېنى مېڭىسىنىڭ سۈيى بار خالقۇش ساراڭ دېسەڭلارمۇ ھەر ھالدا بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويۇڭلار: سېكرېتارمۇ ھەممىنى شياڭجاڭغا دۆڭگەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، خىيالىدا مۇشۇنداق دېسەم بۇ نېمىلەر شياڭجاڭنىڭ قېشىغا بارالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ تېخى. ئەگەر ئاراڭلاردىن مەن بىلەن شياڭجاڭنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ئوغۇل بالىدىن بىرى چىقسا، بىرى بىلەن، ئونى چىقسا، ئونى بىلەن بارىمەن. ھېچكىم چىقمىسا ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن. قانداق، مەن بىلەن بارىدىغان نوچىلار بارمۇ؟ (جامائەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ) بارمۇ دەۋاتىمەن! (نەپرەتلىك كۈلىدۇ) ئېسىت بىچارىلەر، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماڭلار. شياڭجاڭ ئادەم يېمەيدۇ. بىز سوقۇش قىلغىلى بارمايمىز، پەقەت ھال - ئەھۋالىمىزنى دەيمىز. پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى پۇقرا ئاچ قالسا، ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ، مۇشۇ ھامۇت سېكرېتاردەكلەر بىز قۇرتلۇق كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتساق دېھقانلار قىيام ئىچىۋاتىدۇ، دەپ، تېخى قورساق تۈزۈك تويمايۋاتسا، بىزنىڭ كەنت باي بولدى، قازان - چۆمۈچى ماي بولدى، ئادەملىرىمىز ماڭسا ئاشلىقنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ماڭىدۇ، بېشىنى كۆتەرسە توقماقتەك پۇلغا ئۇسسۇۋالىدۇ، دەپ ئەھۋالىمىزنى يۇقىرىغا يالغان مەلۇم قىلىپ، رەھبەرلىكنى ئالداۋاتقانلىقىدا. ھەي بىچارىلەر، سىلەرگە راستىنلا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ھالىڭلارغا يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ راست گەپنى دېسەك نېمە يامىنى؟

**قادىر پىلاڭ:** بولدى، مەممەتەك، بىزنى خىجىل قىلىۋەرمە. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز گېپىمىزنى سەندەك ئوڭشاپ قىلالمايمىز، ياخشىسى ئۆزۈڭلا بارغىن. يەنىلا سېنىڭ بارغىنىڭ تۈزۈك.

**سانىخان:** شۇنداق، مەممەتەك. سەنلا بارغىن.

**بۈۋىخان دوك:** شۇنداق قىل ئۇكام، ھېلىمۇ ياخشى سەن بوپقاپتىكەنسەن، بولمىسا بىزنىڭ

گېپىمىزنى قىلمىدىغان كىم چىقاتتىكىن. «خۇدايىم كۆزىدىن ئايرىسا، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەن شۇ - دە.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** بوپتۇ، يەنىلا مەن سىلەرگە كۆسەي بولاي. كىچىك چېغىمدا ئانام مېنى: «كۆسەي بالام» دەپ ئەركىلىتەتتى.

**بۇۋىخان دوك:** سەن بىزنىڭ يۇرتنىڭ كۆسەي بالىسى، ئۇكام.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** مەن بېرىپ كېلەي تۇغقانلار، خۇدايىم بۇيرىسا خۇش خەۋەر كۇتۇڭلار (چىقىپ كېتىدۇ).

**قادىر پىلاڭ:** ئاللا تائالا ئــــــگەم ماڭغان يولۇڭنى ئوڭ قىلسۇن ئوغۇلبالا.

[ھامۇت خاپىخان ھالدا چىقىپ كەتكىلىۋاتقاندا ئابدۇرېشىت خوجا باشلىق بىر قانچىسى كىرىپ كېلىدۇ.]

**ئابدۇرېشــــــت خوجا:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جامائەت.

**كۆپچىلىك:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوجام.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** سېكرېتار، نىمە ئىش بولدى، بىرەر مالاللىق يەتمىگەندۇ؟

**ھامۇت:** يەنە شۇ مەمىتەكنىڭ ئــــشـــى بولماىدۇ. باياتىن بېرى مېنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا چىشلەپ تارتىپ دېمىگەن گېپى قالمىدى.

**سوپى مەخسۇم:** توۋا، شۇنچە جامائەت تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئەدەبسىزلىك قىلىشقا پېتىندىمۇ ئۇ قارا يۈز؟

**ھامۇت:** بۇ خەق نىمىنى چۈشــــنــــدۇ، قويسىلا. خۇددى بىر توپ قوي پادىسىغا ئوخشاش كىم قاياققا ھەيدىسە، شۇ ياققا مېڭىشنى بىلىدۇ شۇ. ئۆتەپ تېشىپ يەنىلا شۇ مەمىتەك سارائىغا بولۇشتى.

**ئابدۇرېشــــــت خوجا:** ھاي جامائەت، بەندە دېگەن ئازغۇچىدۇر. گۇناھلىرىڭلارغا تۇۋاقىلىپ، ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىڭلار. ئازغۇنلارنىــــڭ كەينىگە كىرىپ، بىلىپ - بىلمەي ھۆكۈمەتنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان گۇناھلىق ئىشقا ھەرگىز يېقىن كەلمەڭلار. ھازىر بىــز مۇسۇلمان خەقتە ئىنساپ قالمىدى. ھە دېسىلا ھۆكۈمەتنىڭ، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ كەينىــــدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان، ئەمىر - پەرمانلارغا بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان، غەللە - پاراقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

**سوپى مەخسۇم:** مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز: ئىككى تال ئاشلىق ساتار - ساتمايلا پۇلىنى بەرسۇن دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ ئادىل ھۆكۈمىتىمىزگە پۇت ئاتىدىغان تۇز كورلارمۇ چىقماقتا. ھۆكۈمەتكە زوتالىق قىلىش ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىغانلىقتۇر.

**ئابدۇرېشــــــت خوجا:** ئەلۋەتتە شۇنداق. بولمىسا ئاللا بىزگە نىمىشقا ئارقا - ئارقىدىن ھېلى جىگەر كېسىلــــى، ھېلــــى تولغاق دېگەندەك كېسەللەرنى بېرىدۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى جامائەت، بۇ، ئاللانىڭ بىزگە قىلغان غەزىپىدۇر.

**سوپى مەخسۇم:** ھازىر بىزنىــڭ بۇ يۇرتتا ھاراق ئىچىدىغان، زىنا قىلىدىغان ناشايان ئىشلار - دىنىي ئىسلام قاتتىق مەنئىي قىلغان ئىپلاسلىقلار باش كۆتۈرمەكتە. ئاڭلىساق، ئاۋۇ مەمــــتەك دېگەن سارائىنىڭ قىزىنى، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قىمادا پىچاق يەپ ئۆلگەن ھېلىقى ياسىن مەدەك دېگەن ھاراقكەش - قىمارۋاز جىگدىلىكتە سۆرەپ يۇرۇپتىكەنمىش.

**ئابدۇرېشىت خوجا:** ھاي ئەھلى مۆمىنلەر، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، بىرنەنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىپ، بېشىمىزنى ئېچىمىزگە تىقىــپ دېھقانچىلىقىمىز بىلەن بولساق، خۇدايىمنىــــڭ رەھمى كېلىپ سۈيىمىزنى كەڭرى قىــلــىــپ يامغۇرنى ئايىمايدۇ؛ ئىككىنەنچىدىن، سوپــى مەخسۇم ئېيتقاندەك، كەنتىمىزدە باش كۆتۈرگەن نەھى ھارام، زىناخورلۇق، ئازغۇن - گۇمراھلىقلار يوقاپ، يۇرت گۇناھدىن پاكلانسا، ئەلنىــڭ بېشىغا ئاپەت بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر شۇ زاماتلا يوقايدۇ.

**سوپى مەخسۇم:** خوجامنىڭ سۆزى بەرھەق. ئەگەرچەندە خوجامنىڭ دېگىنىدەك قىلمــــساق، خۇدانىڭ قاغىشىغا ئۇچراپ ئەھلى يۇرت كېسەلدىن خارىج بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، سېسىق كۆلنىــڭ سۈيىنى ئىچىپ، زىرائەتلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ، خانىۋەيران بولۇپ تۈگەيمىز.

**گەمەت كۆنچى:** مانا بۇ يىل ئاشۇ مەمىتەك دېگەن سارائغا ئەگىشىدىغانلار كۆپىيــــۋىدى، بۇغدايىمىزمۇ ئاران بىر قېتىم سۇغۇرالىدۇق.

**ئابدۇرېشــــــت خوجا:** سۇ يوق، دەل - دەرەخلىرىمىز قۇرۇپ، كېۋەزلــــرىمــــز غوزا تاشلىۋەتتى، باغلارنىڭ مېۋىسى يىگىلەپ كەتتى. قىشچە جىــگەر كېســلــــدە بىــــر مۇنچە مۇسۇلمانلىرىمىز قازا قىلدى. يازدىن بۇيان تولغاق كېسىلى تارقالدى. توۋا قىلايلــى مۇسۇلمانلار، ئاللادىن گۇناھىمىزنى تىلەيلى، بۇنىــڭ ئۈچۈن مازايى ماشايىقلارغا سېغىنايلــى، ئۇلۇغلارنىــــڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆشرە - زاكاتنــــى ئايىمايلى.

**سوپى مەخسۇم**
**گەمەت كۆنچى**: خوجامنىــڭ ئېيتقىنــــى بەرھەق، جامائەت.

[چىراغ غۇۋالىشىپ يورۇيدۇ.]

[قادىر پىلاڭ ۋە دېھقان A - B لار سەھنىگە كىرىدۇ.]

**دېھقان A:** مەمىتەك ھېلىقى ئىشلارنى ھەل قىلىپ كەپتۇ، دەيدۇ.

**دېھقان B:** راستما، ئەجەب بەلەن ئىش بوپتۇ.

**دېھقان A:** قارا، مەمتىكامنۇ كېلىپ قالدى.

[سانىخان بىلەن بۇۋىخان دوك چىلەك كۆتۈرۈپ كىرىدى.]

**دېھقان A:** سانىخان ئاچا، مەمتىكام كەلدى، قاراڭلار.

[مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كىرىپ كېلىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** تۇغقانلار، خۇش خەۋەر.

**بۇۋىخان دوك:** سىنىڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىڭنى كۆڭلۈم تۇيغانتى.

[ھامۇت، سىدىق بايچەك، ئابدۇرېشىت خوجا، سوپى مەخسۇم، ئەمەتكۆنچىلەركىرىدۇ.]

**بۇۋىخان دوك:** ئادەمنى تەقەززا قىلماي چاققان دېگىنە، قانداق بولدى؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** شياڭجاڭ تەستىقلاپ بەردى.

**قادىر پىلاڭ:** نېمىدەپ تەستىقلاپ بەردى؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** مانا قاراڭلار: (خەتنى كۆرسىتىپ) بۇ كەنتنىڭ ئەھۋالى باشقا يەرگە ئوخشىمايدۇ، دۆلەتكە ساتقان ئاشلىق پۇلى دەرھال دېھقانلارنىڭ قولىغا بېرىلسۇن، دەپ تەستىق يېزىپ بەردى.

**قادىر پىلاڭ:** شياڭجاڭ بىلەن قانداق كۆرۈشتۇڭ؟

**بۇۋىخان دوك:** شۇنى بىر دېگىنە.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئاخشام يورۇقلا باردىم، بىر كىچىك بالا ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ كىرسەم ھېچ سادا يوق. ئىچكىرىلەپ كىرىپ سالام قىلسام، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. تېخىمۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ كىرگىنىمنى بىلمەمەن، كۆزۈم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى، ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن لىق تولغان ئۆيدە بىر - بىرىدىن سېمىز ئادەملەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. يېمەك - ئىچمەكنىڭ موللۇقىدىن داستىخاننىڭ يۈزى كۆرۈنمەيدۇ. مېھمانلار بىردىن پىچاقنى تۇتۇپ پۇتۇن پىشۇرغان قوينىڭ گۆشىنى كېسىپ يېگەچ ھاراق ئىچىشىۋاتىدۇ.

**بۇۋىخان دوك:** قارنى يېرىلىپ ئۆلەر ئىلاھىم، بېشىنى يەيدىغان كاساپەتلەر.

**سوپى مەخسۇم:** باشلىق دېگەن ئىمانسىز كېلىدۇ.

**قادىر پىلاڭ:** ھە، سۆزلە.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ھەممىسى ھاڭ بېقىپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قارىشىپ قالدى. ئاندىن كۆرۈشتۇق. داستىخانغا تەكلىپ قىلىنۇدى، ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدىم.

**سانىخان:** كېيىنچۇ؟

**مۇھەممەتئىمىنسەيدىن:** كېيىن، شياڭجاڭ: ھە، نېمە ئىشلىرى بار، دېۋىدى، ئەھۋالنى ئېيتتىم.

**قادىر پىلاڭ:** ئولتۇرغانلار نېمە دەيدۇ؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** گېپىمدىن قارىسام بىزنى چۈشىنىدىغاندەك، تۇرقىدىن قارىسام يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقلاردەك قىلىدۇ. ئۇلار: «بۇ ئىش بولماپتۇ» دېيىشتى.

**سانىخان:** كېيىنچۇ؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** شياڭجاڭ بۇ خەتنى يېزىپ بەردى. ئاندىن يوغان بىر پارچە گۆشنى نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، بالىلىرىڭغا ئېلىۋالسىلا، دەپ ئۇزىتىپ قويدى شۇ.

**سانىخان:** ئۇ شۇنچىلىك ئىشكەنيا.

**قادىر پىلاڭ:** زادى ھەل بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەن.

**دېھقان B:** ئەسلى مەن بىللە بارغان بولسامنۇ بوپتىكەن.

**قادىر پىلاڭ:** چوڭ يەرنىڭ چوڭلۇقى بار - دە، زادى. ھەممىنى قىلغان مۇشۇ بىزنىڭ باشلىقلار.

**سانىخان:** يەنىلا بىزنىڭ مەمتەك كېرەككە كېلىدىكەن.

**دېھقان A:** ئۆز ۋاقتىدا مەمتەكنى كەنت باشلىقى سايلايلى دېسەك، بەزىلەر: «نەچچە يىل جاپا چېكىپ مىڭ تەسلىكتە كونا دادۇيجاڭغا ئايۋان - ساراي سېلىپ، يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ باي قىلدۇق. ئۇ ئەمدى تويدى. مەمتەكنى باشلىق قىلساق ئۇ يالاڭتۆشكە قاچانغىچە ئىشلەيمىز. ئۇنى باي قىلىپ بولغىچە يىلىكىمىز ئۇزۇلۇپ، كۆتىمىزدە ئىشتان قالمايدۇ. ئەسكى بولسىمۇ كونىسى تۇرۇۋەرسۇن» دېدى. شۇ گەپ بىلەن ھازىرغىچە سىدىق بايچەككە ئىشلەۋاتىمىز.

**قادىر پىلاڭ:** مەمتەكنى سايلىساقمۇ بوپتىكەن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** مېنى سايلىساڭلارمۇ يۇقىرىدىن قوشۇلمايدۇ. مېنىڭمۇ باشلىقلىقتىن تامايىم يوق. ۋاقتى كەلگەندە كۆپچىلىك ئۈچۈن بىر - ئىككى ئېغىز خۇدايى خالىس سۆزلەپ قويسىملا بولدى.

**قادىر پىلاڭ:** نېمىلا بولمىسۇن ئىشىمىز ھەل بولدى. ھەممىمىز مەمتەككە رەھمەت ئېيتايلى، كۆپچىلىك.

**كۆپچىلىك:** رەھمەت مەمتەك، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** بولدى، خۇشامەتچىلەرنى ماۋۇ خۇشامەت خۇمارلىرىغا قىلىڭلار (كۈلكە)

**سىدىق بايچەك:** ئالدىراپ خۇش بولۇپ كېتىپسىلەر، «چۈجىنى كۈزدە سانايمىز» تېخى.

**ھامۇت:** شياڭجاڭ مېھمانلاردىن خىجىل

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان گەپ. بولمىسا بۇنداق ئاسان ھەل بولمايتتى.

**گەمەت كۆنچى:** ھەي مەممەتەك، سەن تەشكىلنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئادەم باشقۇرۇش تاماسىدا يۈرمەي ئۆز ئۆيىڭدىكىلەرنى ئوبدانراق باشقۇرۇپ ئاندىن خەققە گەپ قىلساڭ بولامىكىن؟!

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** سەن! سەن نېمە دېمەكچى. تىلىڭنى چاينىماي گېپىڭنى ئوچۇق دەۋەر!

**سوپى مەخسۇم:** مۆھتەرەم جامائەت، تۈنۈگۈن يۇرتىمىزغا تارالغان يېڭى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىدىڭلارغۇ؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** سەنلەر! كۆپچىلىك بۇ نېمە ئىش؟!

**ئابدۇرېشىت خوجا:** نېمە ئىشلىقىنى ئۆيۈڭدىكىلەردىن سورا!

(پەردە چۈشىدۇ)

## 3 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنىدە: مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ كونىرىغان ئۆيى.

[شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مۇھەممەتئىمىن سەيدىن تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان نۇسرەتنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ سوراق قىلماقتا. نۇسرەت قامچا ئازابىدىن ئىڭراپ نالە قىلماقتا.]

**نۇسرەت:** دادا، جېنىم دادا، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ھەرگىز ئۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمىدىم، قەسەم قىلىپ بېرەي، مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكىدىغان ئىش قىلغان بولسام قاقشالدەك قۇرۇپ ئۆلەي! گېپىمگە ئىشىنىڭ.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** قورسىقىڭدىكى نېمە؟

**نۇسرەت:** بىلمەيمەن.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** بىلمەيمەن؟! قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ بىلمەيمەن دېيىسنا تېخى! مەن سېنى ياسىن مەدەكنىڭ گۆرىگە كۆمۈۋەتمەيدىغان بولسام! ۋۇ گۆرىدىن توڭگۇز قوپىدىغان قىمارۋاز مەدەك. «تۈز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلىدۇ» دەپ شۇڭمۇ ئەسكىلىكىدىن قىمارۋازلارنىڭ پىچىقىدا ئۆلدى ئۇ مۇناپىق!

**نۇسرەت:** دادا، ئۆلگەن ئادەمنى چىشلەپ تارتىپ نېمە قىلىسىز.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** نېمە؟! سەن يەنە شۇلۇكچەككەچاپان يېپىۋاتامسەن تېخى (ئۇرىدۇ).

**نۇسرەت:** ئوبدان دادا، مېنى ئۇرماڭ، مەن ھېچقاچان گۇناھ قىلمىدىم، گېپىمگە ئىشىنىڭ، جېنىم دادا.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** راست گەپ قىل، بۇ نېمە؟ (نۇسرەتنىڭ قورسىقىنى كۆرسىتىدۇ)

**نۇسرەت:** بىلمەيمەن، ئۆزۈمچىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئاھ، خۇدا، بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق. (ئەسەبىيلەرچە) پەندىيات! قىز چوڭ قىلغانغا پەندىيات! (سىرتقا ماڭىدۇ. ھەمشىرىخان ئالدىراش كىرىدۇ)

**ھەمشىرىخان:** دادىسى، نېمە ئىش بولدى؟ ئۈنگىلەك بوپكېتىپسىلەيا، نۇسرەت بارمىكەن؟

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** (ھەمشىرىخاننىڭ پاتتىڭىدىن تۇتۇپ) بارئىكەن، سېنىڭ خانئاچاڭنىڭ ئۆيىدىكەن. شۇنچىۋالا يامان ئىشنى يوشۇرىسەن تېخى. مانا، ئارزۇلۇقىڭنى ئوبدان كۆرۈۋال (ھەمشىرىخاننى نۇسرەتنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ)

**ھەمشىرىخان:** ۋاي جېنىم قىزىم، نېمە كارامەت بۇ!

**نۇسرەت:** جېنىم ئانا.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** نېمە كارامەت؟! (ھەمشىرىخاننىڭ پاتتىڭىدىن تۇتۇپ يەرگە ئاتىدۇ) تويە، قىز چوڭ قىلغانغا، بۆرنى - قولىقىڭغىچە توي. (ھەمشىرىخاننى يەنە ئۇرىدۇ. جودانىڭ ئۈستىگە ھارۇن بوۋاي كىرىدۇ.)

**ھارۇن بوۋاي:** ۋاي مەمەتجان، نېمە كارامەت بۇ، بالام. (ھەمشىرىخاننى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ) ئوبدان بالام، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ. ھەمشىرىخان ھەر قانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ مەن ناماقۇل. مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ، مېنىڭ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى، مەن ھايات چاغدا بۇنداق قىلماڭ، مېنى كۆمۈپ قويۇپ نېمە ئىش قىلسىڭىز مەيلى. تۇتقان روزام، ئۆتكەن نامازلىرىمنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ، جېنىم بالام.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** جېنىم دادا، مەن پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىدىم، ئادىمىي شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن ماۋۇ ئارزۇلۇقىڭىزنىڭ قورسىقىغا قاراڭ (نۇسرەتنى كۆرسىتىدۇ).

**ھارۇن بوۋاي:** (نۇسرەتكە ئېسىلىپ) نېمە كارامەت بۇ؟ (بىردەم ھەمشىرىخانغا، بىردەم نۇسرەتكە قارايدۇ) سەن، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟!

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** دادا، ھازىر پۈتۈن يۇرتقا مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ قىزى ئانداقچى، مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ قىزى مانداقچى دەپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىر كەپتۇ. دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا بىر پۇللۇق ئىناۋىتىم قالمىدى. مەن ئەمدى يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن. بۇ گەپ ماڭا نى ئات، نى نومۇس. قىز چوڭ قىلغاننىڭ جاجىسىمۇ بۇ؟ (ھەمشىرىخان يىغلايدۇ) ھەي، ئۈنۈڭنى ئۆچەر. نەچچە ۋاقتتىن

بىرى مەن شۇنچە گەپ قىلسام ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دەپ قىزنىڭغا قانات ياپىسەن. بۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ تالاغا چىقىشىچى بولمىسۇن. ئەگەر كوچا - كويدا كۆرۈپ قالسام ياكى زىغىردەك گەپ قۇلىقىمغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئانا - بالا ئىككىڭنى تۈۋرۈككە باغلاپ، پاچاقلىرىڭنى چىقىۋېتىپ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟!

**ھەمشىرىخان:** ئۇقتۇم، دادىسى.

**ھارۇن بوۋاي:** بالام، ھەممە گۇناھ مەندە. كۆزگە كۆرۈنگەن نەۋرەم مۇشۇ دەپ ئەركىلىتىپ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ما ئىشنى كۆر ئەمدى. ئەستاغپۇرۇللا، دادىسى دۈشمىنى كۆپ ئادەم تۇرسا، دادىسىنى ئايىمىغىنىنى قارا بۇ ئەقىلسىزنىڭ. (ھەمشىرىخانغا) سەن ئانىسى تۇرۇپ نېمىشقا بويىغا يەتكەن قىزغا ھېزى بولمايسەن، ۋۇ تاياق قېپى! (نۇسرەتكە) سەن بىزنىڭ دەردىسەرىمىزنى ئاز بوپقالدى دەپ ئەمدى (مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كىرىپ كېتىدۇ) مۇشۇ سەتچىلىكنى كۆرسەتتىڭمۇ؟ (بوۋاي دەر غەزەپتە دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپ، نۇسرەتنى باغلاقتىن يېشىدۇ.)

**ھەمشىرىخان:** (نۇسرەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئۇنى سۇپىدا ئولتۇرغۇزىدۇ) جېنىم قىزىم، ئوبدان قىزىم، راستىڭنى دە، بۇ زادى نېمە ئىش؟

**نۇسرەت:** جېنىم ئانا، مەن ھەرگىز ئەسكى ئىش قىلمىدىم. مەن پاك، ئىشەنمىسىڭىز قەسەم ئىچىپ، نان دەسسەپ بېرەي. مەنمۇ بۇ سىر - ئەسنالارنى ھېچ بىلمىدىم.

[ھارۇن بوۋاي كىرىپ كېتىدۇ.]

**ھەمشىرىخان:** ئۆلسەڭمۇ بىر راست گەپ قىلغىن جېنىم بالام (يىغلايدۇ).

**نۇسرەت:** جېنىم ئانا، مەن راست گەپ قىلدىم!

**ھەمشىرىخان:** ئاھ، خۇدا، تېخى كۆرىدىغىنىم بارمىدى ئوخشايدۇ (ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ).

**نۇسرەت:** ئاھ، خۇدا، مېنىڭ نالە - پەريادلىرىمنى ئاڭلاۋاتامدىغانسەن. سارغايغان ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان ئاجىز تېنىمنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن. مېنىڭ ئاھۇ - زارىمغا ھېچكىم قۇلاق سالمىسا، سېنىڭ مۇقەددەس نامىڭ بىلەن يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن چىقىۋاتقان قەسەملىرىمگە ئاتا - ئاناممۇ ئىشەنمىسە، كىممۇ ئىشىنەر. بۇنداق قورۇق ئاھانەتنى كۆتۈرۈپ يۈرگىچە بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن ئۆلۈپلا خوشلاشقىنىم تۈزۈك (يىغلايدۇ).

**ھەمشىرىخان:** (چىنىدە چاي كۆتۈرۈپ چىقىدۇ) قىزىم، چاي ئىچكەچ تۇرغىن، بىرەر بۇردا نان چىلاپ بېرەيمۇ؟

**نۇسرەت:** ياق، بىر نەرسە يېگىم يوق.

**ھەمشىرىخان:** قورۇقچاي بولسىمۇ ئىچكەچ تۇر.

[نۇسرەت چاينى قولىغا ئېلىپ بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلايدۇ، ھەمشىرىخان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.]

**نۇسرەت:** بوۋا، بوۋا.

**ھارۇن بوۋاي:** (ئۆيدىن چىقىپ) ھە، نېمە بولدى؟

**نۇسرەت:** ئىچكىرىكى ئۆيدىكى تاكچىدا گۈللۈك ياغلىقتا ئورالغان دورام بار. خاپا بولماي ئەپچىقىپ بېرىڭا.

**ھارۇن بوۋاي:** ماقۇل (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. نۇسرەت ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرىدۇ. بوۋاي شىشىنى ئېلىپ چىقىدۇ).

**نۇسرەت:** رەھمەت، بوۋا. سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، چەينەكتە قىزىق چاي بار، ئەپچىقىپ بېرىڭا.

[ھارۇن بوۋاي ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. نۇسرەت شىشىدىكى دورىلارنى ئۇچۇملاپ يەپ چاينى سۇمۇرۇپ چوڭ - چوڭ ئوتلايدۇ. بىردىن ئاغرىق تۇتۇپ قولىدىكى شىشە يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ھارۇن بوۋاي ئۆيدىن چىقىدۇ.]

**ھارۇن بوۋاي:** ۋاي نېمە بولدى، قىزىم (نۇسرەتنى يۆلەيدۇ).

**نۇسرەت:** بوۋا، مەن... سىلەر مېنى كۆپ جەبرى - جاپا بىلەن بېقىپ قاتارغا قوشقانىدىڭلار، بىراق مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلالماي... بوۋا، سىز ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم. بوۋا... رازى بولۇڭلار...

**ھارۇن بوۋاي:** قىزىم، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسەن. (نۇسرەتنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ) جېنىم قىزىم، كۆزۈڭنى ئاچقىنا.

[ئۆيدىن ھەمشىرىخان بىلەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چىقىپ قىزغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. پەردە چۈشىدۇ]

## 3 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن 20 كۈن كېيىن.

[قارىلىق كىيىم كىيگەن ھەمشىرىخان بىلەن، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن سۇپىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** خوتۇن، ئەمدى بولدى قىلىڭلا. كۈندىن - كۈنگە تۈگىشىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتىسىلە. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولامدۇ.

**ھەمشىرىخان:** ھېلىمۇ تىرىك ئۆلۈپ بولدۇم.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئۇنداق دېمەڭلا. بۇندىن كېيىن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىدىغان ئىش بولسىمۇ سىلىنى ئۇرمايمەن. سىلىنى ئۇرغىچە ئۆزۈمنى ئۇراي!

**ھەمشىرىخان:** مۇشۇنداقمۇ ئېغىر تارتقۇلۇق كېلەمدۇ كىشىگە. رەھمەتلىك قىزىم ھەسرەتتە كۆزى ئوچۇق كەتتى. بىر بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشماق ئاسانمۇ. ئىسىت، ئىسىت (يىغلايدۇ).

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئەلھەكىمىللا دېمەكتىن باشقا نېمە ئامال.

**ھەمشىرىخان:** ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** كۆڭلۈڭلىنى بۇزماي ئۆز ھالىڭلا بىلەن بولۇڭلا. مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ داداڭلىنى يوقلاپ كېلەي.

**ھەمشىرىخان:** خۇدايىم شىپالىق بېرەر.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** خوش، مەن ماڭدىم (ماڭىدۇ).

[سىرتتىن قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ئۇكام، قايتىپ كەپسەنغۇ. دادامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

**قوشنىنىڭ ئوغلى:** توۋا، مەن ئاجايىپ بىر كارامەتنى كۆردۈم.

**ھەمشىرىخان:** قانداق كارامەت، ئادەمنى قورقۇتماي تېزراق گەپ قىلە، ئۇكام.

**قوشنىنىڭ ئوغلى:** ئاخشام ھارۇن ئاكامنىڭ قورسىقى بەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ چىدىيالماي پۈتۈن دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيدى. بىردەمدىن كېيىن دوختۇرلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى.

**ھەمشىرىخان:** ئوپېراتسىيە!

**قوشنىنىڭ ئوغلى:** ھارۇن ئاكام: مېنى ئۇ ئالەمگە يەتتە ئەزايىم بىلەن ساق كەتكىلى قويۇڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ھە، ئاخىر...

**قوشنىنىڭ ئوغلى:** بىزنىڭ ۋە ياتاقتىكى كېسەللەرنىڭ زورى، دوختۇرلارنىڭ قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىشقا ماقۇل بولدى.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** ھە، ئوپېراتسىيە قانداق بولدى؟

**قوشنىنىڭ ئوغلى:** ئوپېراتسىيە پىچىقى ھارۇن ئاكامنىڭ قورسىقىدىن بىر مۆجىزىنى سۈرەپ چىقىپتۇ.

**ھەمشىرىخان:** ۋاي قانداق قىلاي.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** قانداق گەپ بۇ، چاققان ئېيتە ئۇكام، دادامنىڭ قورسىقىدىن نېمە چىقتى؟

**قوشنىنىڭ بالىسى:** دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، بىر قەۋەت قىزىل پەردە ئىچىدىن قىپقىزىل گۆشلۈك، يوغان بىر پاقا چىقىپتىمىش.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن:** خۇدايا بىلمىدىم توۋا، ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ ھوي ئۇكام؟

**قوشنىنىڭ بالىسى:** پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كەتتى بۇگەپ. خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بوۋاي بۇرۇنلا سوغۇق سۇ ئارقىلىق قۇمچاق يۇتۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن، دېيىشىۋاتىدۇ.

**ھەمشىرىخان:** دادام قانداقراق ياتىدۇ؟

**قوشنىنىڭ بالىسى:** بۈگۈن ئەتىگەن ھوشىغا كەلدى. ئۇ توختىماي: ئىسىت، نۇسرەت قىزىم، دەيدۇ. ھارۇن ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىدىكى ئاغرىق ئالامەتلىرى نۇسرەتنىڭ قورساق ئاغرىقى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. مەيتىمىزنىڭكا، بىز نۇسرەتنى خاتا ئەيىپلەپتۇق ئەمەسمۇ.

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن**
**ھەمشىرىخان** : ئىسىت، قىزىم!

(ھەسرەتلىك يىغا - زار ئىچىدە پەردە چۈشىدۇ.)

## 4 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنە: 1 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش بىلەن ئوخشاش.

[كۆل بويىدا بىر قانچە پېشقەدەملەر ئۆز ئارا پاراڭلاشماقتا. ئېلىشىپ قالغان ھەمشىرىخان قاپاق كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.]

**ھەمشىرىخان:** قىزىم، مەن سېنىڭ دائىم كۆلدىن سۇ ئەكىلىدىغان قاپىقىڭنى ئېلىپ سۇغا كەلدىم. قېنى سەن، سەن قەيەردە، جېنىم قىزىم (چىقىپ كېتىدۇ.)

**پېشقەدەم A:** مانا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە نۇسرەتكىمۇ قىرىق كۈن بوپتۇ. ئىسىت، ئىسىت، رەھمەتلىك ئوبدان بالا ئىدى. ياسىن مەدەك بىلەن توينى قىلىۋەتكەن بولسىمىغۇ، مۇشۇنداق كېلىشمەسلىك بولماستى. ياسىنمۇ كىشىگە يامانلىقى يوق ئوغۇلتى، ئۇمۇ بىئەجەل ئۆلدى. كەلگۈلۈك ئاتا - ئانىسىغا بولدى ئۇ رەھمەتلىكلەرنىڭ

**پېشقەدەم B:** نۇسرەتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان چاغدا خوجامنىڭ: ئۇ، زەھەر

ئىچىپ قورسىقىدىكى هارام بالا بىلەن ئۆلۈپ خۇدانىڭ ئالدىدا ئاسىي - گۇناهكار بولدى. نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز ئەمەس، دەپ تۇرۇۋالغىنى ئەجەب بىر ئىش بولدى.

**پېشقەدەم** ئابخىرى هارۇن بوۋاي: هەمشىرىخانىنىڭ ئانىسىدىن قالغان تۆت مىسقال تەۋەررۈك زىرىنى خوجامنىڭ ئالدىغا قويۇپ، رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ئەمەسما.

**پېشقەدەم** A: خوجامغا دۇئا قىلدۇرسىمۇ بوپتىكەن، مۇشۇ بالامۇ بولماستى.

**پېشقەدەم** B: راست دەيلا. نۇسرەت خوجامنىڭ تەقسىراتىغا كەتتى. ئۇنى بالدۇرراق ئەرگە بېرىۋەتكەن بولسا، ئەلۋەتتە كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرگەن بولاتتى.

**پېشقەدەم** C: «بويىغا يەتكەن قىزنى ئۆيدە ساقلىساڭ، بىر تاۋاق سىركىنى بېشىڭغا قۇيۇۋالىسەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسما.

**پېشقەدەم** D: مەمتەكنى خەقلەر تىنماي خوجام بىلەن ئېتىشىدۇ، دېيىشىپ يۈرەتتى.

**پېشقەدەم** A: زادى ئۆلۈغلارنىڭ كەينىدىن ئۇنى - بۇنى دېسە بولمايدۇ.

[كۆل تەرەپتىن ئۈچ - تۆت ئايال ئالاقزادىلىك بىلەن يۈگرۈپ چىقىدۇ. كۆل بېشىدىكىلەر قوزغىلىدۇ.]

**ئايال** A: نەچچە ۋاقتىن بېرى خەقلەر ساراڭ دەۋېرىپ، ماۋۇ مەمتەك راستىنلا ساراڭ بولدىمۇ نېمە، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

**ئايال** B: نېمىنى؟

**ئايال** C: كېچىدىن بۇيان بىر تۈرۈپ يەرنىڭ تېگىدىن، بىر تۇرۇپ ئاسماندىن توۋلىغان ئاۋاز كەلدى. يېقىندىن بۇيان ھەمشىرىخان ئاز - مۇز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانتى، ئەمدى مەمتەك ئۇنىڭدىن بەتەر بوپتۇ.

[تەلەتى بوزۇلغان مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كۆلدىن چىقىپ ئەتراپقا قاراپ سەۋدايىلارچە كۈلىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن**: ھەي، ئىسىت قىزىم. ھەي «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل». (سەۋدايىلارچە كۈلىدۇ) ئىچىڭلار، كۆل سۈيىدە شەك يوق، ئىچىڭلار (كۆلگە سىيىدۇ).

**ئايال** B: ۋاي توخۇ پوقى مەرەز، ۋاي ئىپلاس.

**ئايال** A: قاراڭلار ماۋۇ ھايۋانغا، سۈنى بۇلغىدى.

**ئايال** B: ۋاي خۇدايىمەي، بۇ كۆلنىڭ سۈيى ھارام بولدىغۇ، بىز ئەمدى نېمىنى ئىچەرمىز. (ئەرلەرگە) ھوي خەقلەر، قاراپ تۇرامسىلەر، ساراڭنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچەمتىڭلار. بولۇڭلار، تۇتۇڭلار ماۋۇ مەمتەكنى.

[ئەرلەر مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى قورشاپ تۇتماقچى بولىدۇ.]

**مۇھەممەتئىمىن سەيدىن**: (كۆل بويىدىكىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ) قىزىم، جېنىم قىزىم نۇسرەت، سەن قەيەردە، قۇرتلۇق كۆل مېنىڭ قىزىمنى يۇتۇپ كەتتى. قىزىم، ئىسىت قىزىم. ھەي كالۋالار، كۆلدە شەك يوق، ئىچىڭلار. ھايۋانلارمۇ ئىچسۇن. كۆلگە سىيىپ - چىچسۇن، سىلەر قانغىچە ئىچىڭلار. (سەۋدايىلارچە كۈلىدۇ) شۇڭا دۇنيادا ئادەملەرگە قارىغاندا ھايۋانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممىڭلار ھايۋان. (دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئۇنى سىلاپ) مەن سېنى بوۋامنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيمەن. سايەڭدە چوڭ بولغان چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بىر نەۋرەڭ بار ئىدى، مەن ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈيمەن. سەن كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ قەيەردە؟ توغرا، سەن كۆرمىدىڭ. ئۇنى بۇ قۇرتلۇق كۆل يۇتۇپ كەتتى. سەن پۈتۈن يوپۇرماقلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاشلا، سېسىپ كەتسۇن بۇنداق قۇرتلۇق كۆل. قىزىم نۇسرەت، قېنى سەن؟ (سەھنىنىڭ ئالدىغا ماڭغاندا ئارغامچىغا پۇتلىشىدۇ) سەن! (ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ قامالاپ) مەن ھەممىدىن ئايرىلدىم. توغرا، ھازىر ماڭا سەن لازىم. (ھەسرەتلىك كۈلۈپ سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ) قېرىنداشلار، سىلەر قىزىمنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ، شۇنداق ئەقىللىق چوڭ بولغان. ئۇ قۇمچاقنى يۇتۇۋەتتى، قۇمچاق قىزىمنى يەپ كەتتى. ئاھ، جېنىم قىزىم!... قۇرۇپ كەتسۇن قۇرتلۇق كۆللەر. (بويىنغا ئارغامچىنى تاشلاپ) ئى خۇدا، بىزنىڭ رىسقىمىز نەدە؟! بىز قاچانغىچە قۇرتلۇق كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىمىز؟! (سەھنىدىن چۈشۈپ تاماشىبىنلار ئارىسىغا ماڭىدۇ) مەن ئەرز - دادىمنى ئېيتقىلى ماڭدىم. يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى دەردىمگە يېتىدىغان ئۇلۇغ ئىنساننى تاپماي قويمايمەن.

(پەردە چۈشىدۇ)

1994 - يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر M1

مەزكۇر درامىنى ئوينىماقچى بولغان گورۇپپا ئاپتورنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك.
- ئاپتور

www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى ئابىدە

( ئەدەبىي خاتىرە )

**تاھىر تالىپ**

1994 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر دولان مۇقاملىرى تارىخىدا قالتىس خاسىيەتلىك، قۇتلۇق بىر كۈن بولدى. ئۇلۇغۋار مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخان تۇغۇلغانلىقىغا 460 يىل تولغان مۇبارەك پەسىلدە، مۇقام - مەشرەپ ماكانى مەكىت ناھىيىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھەيۋەتلىك دېكلاماتسىيە ساداسى ئىچىدە باشلاندى:

بۈيۈك تارىخنى ۋاراقلاپ، قەدەملەرنى قىلىپ تەڭكەش،
دولاننىڭ پەخرى، گۈلتاجى مۇقام ياڭرايدۇ بارخاندىن.

ئەسىرلەرنى چېتىپ باغلاپ، يۈرەكلەرگە سېلىپ ئاتەش،
دولاننىڭ نەرە - ئاۋازى مۇقام ياڭرايدۇ گۈلخاندىن.

مۇقام كەلكۈن بولۇپ دەۋرەر، كۆچىدىن يەر - زېمىن تەۋرەر،
گويا يەر ئاستىدىن پارتلاپ، مۇقام ياڭرايدۇ ۋۇلقاندىن.

دولانلار چىن مۇقامپەرۋەر، دىلى گويا سۈزۈك مەرمەر،
داۋانۇ تاغلىدىن ئاتلاپ، مۇقام ياڭرايدۇ ھەر جاندىن.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋۇت تۇرغۇن بىلەن ئىككىمىز «212» تىپلىق جىپتا توپىلىق يوللارنى بېسىپ، زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ، ئايىغى ئۈزۈلمەس قويۇندەك چاڭ چىقىرىپ، ئەنە شۇ يىغىنغا كېتىۋاتىمىز. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، رەھبەرلەر بىلەن بالدۇرراق دىدارلىشىش، دولان مەشرەپلىرىگە قاتنىشىپ مۇڭلۇق دولان مۇقاملىرىنى ئاڭلاش ئىستىكى قەشقەردىلا بىزنى ئالدىرىتىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، «مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشالماپتۇ» دېگەندەك بىلىنىپ تۇرىدىغان جاڭگال يولىنى چاقىرىم - چاقىرىملاپ ئارقىدا قالدۇرۇپ، زېرىكىشنى تەقەززالىق بىلەن بېسىپ كېتىۋاتىمىز.

ھەر نېمە دېگەن بىلەن، بۇرۇن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى بولغان ساۋۇت تۇرغۇننىڭ پەمى بار ئىكەن. ئۇ، سومكىسىدىن بىر نەچچە قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقىرىپ، شوپۇرغا سۇنۇۋىدى، پىكاپ ئىچىدە، ياق، پىكاپ ئىچىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل قۇملۇق باياۋاندا مۇقام ياڭراپ كەتتى. مۇقام دېگەننى چۆل - باياۋاندا ئاڭلىسا تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ ھوزۇر بولامدۇ - نېمە! ئاجايىپ



تاتلىق ھاياجانغا چۆمدۇق. بۇ خىل ئورتاق ھېسسىيات چىرايىمىزدا ۋە مۇقام ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئېغىزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىۋاتقان سۆزلىرىمىزدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى:

– ۋاھ، جاننىڭ ھۇزۇرى!

– نېمە دېگەن ئېسىل سەنئەت - ھە؟!

– ئۇزاق تارىخقا، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە مۇقەددەس زېمىندىلا مۇشۇنداق باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى دۇنياغا كېلىدۇ.

– ھەيرانمەن، ھازىر نېمىشقا 12 مۇقام، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت نامايەندىلىرى بارلىققا كەلمەيدىغاندۇ؟!...

– ۋارىسلىق قىلىشىمىز ئىزچىل بولالمىدى - دە.

– شۇنداق، ئافاق خوجا، جىياڭ چىڭدەك نېمىلەر بوغۇپ قويدى!

«چەببىيات» مۇقامى ياڭرىماقتا!

گويا قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن، قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن، نەچچە يۈز يىللىق قېرى توغراقلارنىڭ كامارلىرىدىن ۋە ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇرغان ئوتقاشتەك يۇلغۇنلار تۈپى ئىچىدىن مۇقام ياڭرىماقتا!

– ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى 12 مۇقام تەتقىقاتىنى يۈرۈشتۈرۈۋېتىپلا ئارقىدىن دولان مۇقاملىرىغا تۇتۇش قىلدى، بۇ ئىش مىللىتىمىزنىڭ مۇقام تەتقىقاتى تارىخىدا ئىككىنچى ئابىدە بولۇپ قالىدىغان بولدى.

ئەمدىلا پۈتكەن ھەيۋەتلىك مەكىت - يەكەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، مەكىت بازىرىغا كىرىشىمىز بىلەن تەڭلا، ئۆي - ئۆي، مەھەللە - مەھەللىدىن مۇقام - مەشرەپ سادالىرى ياڭراپ، بىزنى چىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئادەتلىنىش خاراكتېرلىك روھىي ھالەت ئىدى.

* * *

يىغىن زالىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەنتەنە سادالىرى بېسىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تونۇشتۇردى:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھنۇر قاسىم، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، گېنېرال مايور روزى ھوشۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت ئىسمائىل، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسرىددىن، مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئوبۇل ئىسلام، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىر ياردەمچىسى ئابدۇكېرىم باقى، ئاتاقلىق ئالىم، تىلشۇناس، شائىر ئىمىن تۇرسۇن، شائىر، دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، شائىر مۆمىن سەپىرى، مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتجان راشىددىن، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، يازغۇچى ئەخەت تۇردى، ئەخەت ھاشىم، ئابدۇراھمان قاھار، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سەنئەت تەتقىقاتچىسى ئەمەتجان ئەھمىدى، مەشھۇر رەسسام ئابدۇكېرىم نەسرىددىن، ئاتاقلىق تىياتىر ئارتىسى مۇھەممەتئىمىن نورۇز، ئاتاقلىق مۇقامچى ئابلىز شاكىر، ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇقادىر ئابدۇللا، ئايشەم قەييۇم، مۇزىكا ئانارىپچىسى گۈلجەمىلە قادىر... مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەت بارات، مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلىز روزى...

تەنتەنە! گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن ناغرا - سۇناي ساداسى بىرلىشىپ كەتكەن تەنتەنە! مەدەنىيەت - سەنئىتىمىزگە ھامىيلىق قىلىۋاتقان مۇشۇنچىۋالا كۆپ رەھبەرلەر بىلەن مەشھۇر ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلارنىڭ مۇقامغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا تەنتەنە دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتىغا رەسمىي تۇتۇش قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە! تەنتەنە!...

تەنتەنە بولۇۋاتىدۇ... رەھبەرلەر سۆزلەۋاتىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتلارنىڭ سالام، ئۈمىد، تەبرىكلىرى يەتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئەنە، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەت بارات مەكىت ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلماقتا...

قۇلىقىم دوكلاتتا، خىيال كەپتىرىم قومۇلدىن پامىرغا، ئالتايدىن ئالتۇن تاغقا؛ قەدىمدىن ھازىرغا، ھازىردىن قەدىمگە قاراپ پەرۋاز قىلماقتا.

– ھازىرچە تېخى دۇنياغا تونۇلمايۋاتقان بىلەن، سىلەر قالتىس مىللەت جۇمۇ! - دېگەنىدى 1992 - يىلى ماڭا، جۇڭگودا خىزمەت قىلىۋاتقان كانادالىق بىر پروفېسسور

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق شاگىرتى، ياش خوېزۇ پروفېسسورنى تەرجىمانلىققا سېلىپ تۇرۇپ سۆيۈنگەن ھالدا، - 11 - ئەسىردە سىلەرنىڭ مەھمۇد قەشقەرى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى سەمەرىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۈيۈك قامۇسنى يازغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ «بىلىم - كۈچ»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر»، كۆپ تەرەپنىڭ رايىنى مۇجەسسەم قىلغان ھاكىمىيەت مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ». دېگەندەك مەڭگۇ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ ئىدىيەلەرنى ياراتقان. سىلەرنىڭ 12 مۇقامىڭلار ۋە باشقا كلاسسىك سەنئىتىڭلارمۇ ئادەمنى قالتىس جەلپ قىلىدۇ. ئامېرىكىغۇ يېقىنقى گەپ، تېخى ياۋروپامۇ قۇلدارلىق، فېئودالىزم جاھالىتىدە ئۇخلاۋاتقان چاغلاردا سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئۇلاردىن بالدۇر ئويغىنىپ، باي ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. تارىخ سەھنىسىدە كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان بۇنداق شانلىق مۆجىزىلەر پەقەت ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلىك قەدىمكى مەدەنىيەت تۇپرىقىدىلا بارلىققا كېلەلەيدۇ. قايىلمەن، تولىمۇ قايىلمەن! سىلەرنىڭ سازەندىلىرىڭلار نوتىغا قاراپمۇ قويماي ئىككى - ئۈچ سائەت ساز چالسىمۇ ئېزىپ كەتمەيدىكەن، ھەيران قالدىم. . .

مەن بۇنداق گەپلەرنى نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇق خەنزۇلاردىنمۇ ئاڭلىغان. بەش يىلدىن ئارتۇق مەخسۇس پەلسەپە ۋە پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى ئوقۇغان مۇھەممەت بارات ھاكىم دولان مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، ئىختىيارسىز ھېلىقى گەپلەرنى ئەسلەپ قالدىم. چۈنكى دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دولان مۇقاملىرىنىڭ تارىخى 12 مۇقامنىڭكىدىن، ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭكىدىن كۆپ ئۇزۇن. ئۇنىڭدا شامان، زەردۇشت دىنلىرىنىڭ تامغىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنچە ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دولان مۇقاملىرىنى بۈگۈر بوستانلىقىدىن زەرەپشان بويلىرىغىچە ماكانلاشقان دولانلار مەشرەپ - ئۇسسۇللىرى بىلەن مۇكەممەل ساقلاپ كەلدى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەندەك، بۇ مۇقام، مەشرەپ - ئۇسسۇللارنى ساقلاپ قېلىش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈش يولىدا بىر مۇنچە ئادەملەر ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، بىر مۇنچە مۇقامچىلار ۋە كادىرلار «خاتالىشىپ» جازالانغان. بولۇپمۇ مەكىت، مارالبېشىدىكى دولانلار ھېلىقى قاباھەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا چۆل - باياۋانلارغا ھاشارغا چىققانلىرىدا، قالۇن، قىل غىجەك، دولان راۋابى ھەتتا داپمۇ تاپالمىغانلىقتىن (چۈنكى بۇنداق چالغۇلار مۇسادىرە قىلىنىپ كېتەتتى) تۇڭنىڭ تاۋاقىنى داپ قىلىپ چېلىپ، مۇقام توۋلاپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن؛ پولۇ ئورنىغا ئوماچ - يامىنى داستىخانغا قويۇپ؛ چاي ئورنىغا زەي سۈنى ئىشلىتىپ، جانان پىيالە ئورنىغا ساپال چۆچەكنى ئۆرۈپ، مەشرەپ ئوينىغان. چۈنكى مۇقام - مەشرەپ ئىچىگە تۇغۇلغان بۇ ئادەملەر ئۈچۈن ئاشۇنداق زۇلمەتلىك كۈنلەردە ماددىي ئاچارچىلىققا قارىغاندا مەنىۋى ئاچارچىلىق تېخىمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئىككى زاغرا نان دېگەن قورساقنى چالا - بۇلا تويدۇرغىنى بىلەن مەنىۋى دەردكە شىپا بولالمايدۇ - دە! مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ يىللاردا دولانلار مەنىۋى تەشنالىققا چىدىماي، خۇپىيانە ھالدا مۇقام توۋلاپ يۈرگەن، ئىشىك - تۈڭلۈكنى دۈملەپ، مۇقام مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. ئادەم بەزىدە كۆز يېشىنى تېشىغا چىقارماي ئىچىدە يىغلىغان بىلەن، مۇقام توۋلىغاندا ئاۋازىنى يوشۇرالمايدۇ - دە. نۇرغۇن غەزەل - ناخشىلار ئادەمنىڭ ئىچىدىن دەرد ياكى شادلىقنى سۆرەپ چىقىدۇ، ناخشا - ساز بىلەن ئىچىنى بوشىتىش ئۈچۈن، بەزىدە ئاۋازىنى بەكرەك قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاۋاز چىققانىكەن «قۇلاق» لارمۇ ئاڭلايدۇ. شۇڭا، دولانلار «قۇلاق» لارنىڭ دەستىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ھەمدە «قۇلاق» لار ۋە جاھالەت ھامىيلىرىنى باپلايدىغان زامانغا لايىق نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى تاپقان. بىرلا مىسال: بىر يىلى يازلىق يىغىمدىن كېيىن، چۆلدە ھاشارغا ئىشلەۋاتقان كىشىلەردىن بىر تۈركۈمى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئىش ئورنىغا بەش چاقىرىم كېلىدىغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، قولىدىن كېلىدىغان ئاماللار بىلەن مۇقام مەشرىپى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار شۇنچە خۇپىيانە ئىش قىلغان بولسىمۇ، مۇقام ساداسى پۇراپ - تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر غالچىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، «كۆرەش - پىپەن» ئېلىپ بېرىشقا باھانە ئىزدەپ يۈرگەن بىر باشلىق قول چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بارخانلار ئارىسىغا ئاتلىنىپتۇ. بىراق مەشرەپچىلەرنىڭ پوستلىرى دەرھال بەلگە بېرىۋەتكەن بولغاچقا، باشلىق مەشرەپچىلەرنىڭ «دۆلەت شېئىرى» نى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كەپتۇ:

«قوزغال!
قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار!
گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن
مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى!
جۇڭخۇا مىللەتلىرى،
ئەڭ خەتەرلىك ھالدا.
ھەر كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەزىپى تاشماقتا!
قوزغال، قوزغال، قوزغال!
ھەممە بىر نىيەتتە
دۈشمەن ئوقىدىن قورقماي،
ئالغا باس، ئالغا باس، ئالغا باس!»

ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈدەك ھەيۋە بىلەن كەلگەن باشلىق مەشرەپچىلەرنىڭ ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ قاپتۇ (ماڭا بۇ گەپنى دەپ بەرگەنلەردىن بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەلدار بۇتتەك قېتىپ تۇرماپتۇ، بەلكى تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىدەك تىترەپ كېتىپتۇ). مەشرەپچىلەر «دۆلەت شېئىرى» نى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن، باشلىق زۇۋانغا

كېلىپ، ئادەتتىكىچە تەلەپپۇزدا سوراپتۇ:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

— كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، باشلىق، — دەپتۇ بىرەيلەن ئالدىراپ چىقىپ، — ئىنقىلابىي ناخشا ئوقۇۋاتىمىز.

— ياتىدىغان كەپەڭلەردە ئوقۇساڭلار بولمامتى؟

— ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ كېتىپ، باشلىقلارنى بىسەرەمجان قىلمىسۇن، دېدۇق.

— بىز نېمىگە بىسەرەمجان بولاتتۇق؟

— يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىمۇ، ھاشارچىلارنى ئۇخلىتالماي يۈرگەندەيمىنا!

باشلىق قايىل بولغاندەك بولۇپ يېنىدىكى تەرجىمانغا:

— ئۇخلايدۇ، ئۇخلىماي ھەددىمۇ. ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئېغىر - ئېغىر تەقسىم قىلساق ئۇخلايدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەشرەپچىلەرنىڭ سىزىلىپ قالغان ھامان «دۆلەت شېئىرى» نى ياكى «ئۆزۈندە ناخشىلىرى» نى ئوقۇش چارىسى خېلى كارغا ياراپ قاپتۇ. ئاڭلىشىمچە، بۇ چارىنى ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت تارمىقىدا ئىشلەيدىغان ياش بىر مۇقام مەستانىسى «كەشپ» قىلغانىكەن.

* * *

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 2 - كۈنى — 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا 4000 كىشىلىك مۇقام مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ، يىغىن ئەھلىنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلدى. ۋاي — ۋۇي، نېمانچە كۆپ ئادەم - بۇ! ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ يىراق - يېقىندىن كېلىشكەن دېھقانلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ھۆپىگەرلەر، ئوقەتچىلەر. . . ھەتتا خەنزۇلار سانجاق - سانجاق بولۇپ مەيدانغا پاتماي قالغاندى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ۋە رەھبەرلەر مەيدانغا پاتماي قورۇ تېمى ئۈستىدە، ھەتتا دەرەخ شاخلىرىدا قاغىدەك قونۇپ ئولتۇرۇپ مەشرەپ كۆرۈۋاتقان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە قاراپ، دولانلارنىڭ سەنئەتخۇمارلىقىغا بولغان ھەيرانلىق ۋە قايىللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇشاتتى.

مەن مەشرەپتە، دولان مەشرىپىنىڭ «يىگىت بېشى» دەپ ئاتالغان، ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان مامۇت شەيخ ئاكىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم، چۈنكى دەل شۇ پەيتتە ھېلىقى قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى مەشرەپ ۋەقەسى يەنە ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدى. ئەنە شۇ ئادەملەر، ئەنە شۇنداق ئادەملەر، ئەنە ئاۋۇ داق يەردە ئولتۇرۇپ ساز چېلىپ، قولىقىنى تۇتۇۋېلىپ مۇقام توۋلاۋاتقان سازەندە — نەغمىچىلەر، مۇقام باشلىنىشى بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كەڭرى سورۇندا ئاۋۋال ئاستا، كېيىن تەدرىجىي جىددىي تەرىزدە ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان جۈپ - جۈپ دولانلار بىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكىمىز بولغان دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنى مۇشۇكۈنگە ئېلىپ كەلدى. نېمىدېگەن چىرايلىق، ئەۋرىشىم، يېنىك، نەپىس، مول مەزمۇنلۇق ئۇسسۇللار بۇ: ئەنە، مۇقامغا ماس ھالدا ئاياللار مەشئەل كۆتۈرگەندەك، ئەرلەر جىددىي ھالدا ئىككى تەرەپكە زەن سېلىپ قاراپ، بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلدى؛ بىردىنلا پۈتۈن مەيدان تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتكەن مەنزىرە پەيدا بولدى؛ كېيىن، ھەممەيلەن يۇمىلاق دائىرە شەكىللەندۈرۈپ، «دۈشمەن» نى قورشاۋغا ئېلىپ «يوقاتتى»، ئەڭ ئاخىرىدا، غەلىبىگە تەنتەنە قىلغاندەك ئۇسسۇل تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، يەنە پەسىيىپ توختىدى. ئۇسسۇل تۈگىگەندە، ھەممەيلەن بىر - بىرىگە تازىم قىلىشىپ خوشلاشتى.

ئۇسسۇل توختاش بىلەن تەڭلا مەشرەپ ئويۇنلىرى (چاي ئويۇنى، پوتا ئويۇنى، بېيىت - قوشاق ئېيتىشىش. . . ) باشلىنىپ كەتتى. مەشرەپ دېگەننىڭ تاتلىق چېيى بىلەن بىللە ئاچچىق تايىقىمۇ بار. شۇڭا، بىز تەرەپلەردە مەشرەپنى «ئەدەب - ئەخلاق مەكتىپى» دەيمىز. بىرەر كىم ئەدەبسىز، قائىدە - يوسۇنسىز بولسا، «مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەمكەن» دەيمىز. دولان مەشرىپى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا جايلاردىكى مەشرەپلىرىدىنمۇ بەك قائىدە - قانۇنلۇق، ئىنتىزامى كۈچلۈك بولىدۇ. ھالبۇكى، بۈگۈنكى سورۇن باشقىچە: رەھبەرلەر ۋە يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار بىلمەسلىكتىن قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ قويسىمۇ، «جازا» دىن ساقىت قىلىندى. خاتا ئايلىنىپ قويغان بولسىمۇ، ماھىنۇر خانىمغا بېرىلىدىغان جازا كەچۈرۈم قىلىنغان چاغدا، پۈتۈن مەيداندا كۈلكە - ئالقىش كۆتۈرۈلدى. گېنېرال مايور روزى ھوشۇر تازا «قارا دولان» بولغاچقا، ئۇسسۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىغاندىن تاشقىرى، مەشرەپ قائىدىلىرىگىمۇ پىششىق ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ خەلقى - ئالەم ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم پوتا يېدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پېشقەدەم ئارتىسى بەھرىنىسا پوتىنى يوقىتىپ قويۇپ، يەڭگىل جازالاندى: مەشرەپ بېگى، مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى ئۇنى سۇر - توقاي قىلىپ، مەيداننى بىر ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بەھرىنىسا خانىمنىڭمۇ پەيزى تۇتقان چېغى، ئۇسسۇلنى شۇنداق لەرزان، شۇنداق نەپىس ئويناپ پۈتكۈل مەشرەپ سورۇنىنى قالتىس جانلاندۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ياشىنىپ قالغان مامۇت شەيخ باشلىق بوۋايلارمۇ قىزىپ كەتكەن قېرى تۈلپارلاردەك چاپچىپ سورۇنغا چۈشتى، پۈتكۈل مەيدان گويا سانسىز گۈلخانلار لاۋۇلداۋاتقان دالىدەك تۈس ئالدى. . .

توساتتىن تاماشىچىلار ئىچىدە قىزغىن شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغاچقا، يېنىمدا ئولتۇرغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى خۇدا بەردى ئابدۇللادىن سورىدىم:

— نېمە بولدى، ئاداش؟

— كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ قولى بىلەن سورۇننى ئىشارەت قىلىپ، — تەتەيلەرمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئېسىمنى يىغىپ سورۇنغا قارىسام، سەككىز ـ ئوندەك خەنزۇ ئايال ھەۋەس بىلەن دولان ئۇسسۇلى ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى قولاشمىغاندەك، سۇنئىيرەك بولسىمۇ، ئالدى ـ ئارقىسىدىكى، ئوڭ ـ سولىدىكى دولانلارغا قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاشلىرى پۈتكۈل سورۇن ئەھلىنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرۇپ كۈلدۈرۈۋەتتى. مەنمۇ شۇ قاتاردا ھەيران بولۇپ، يېنىمدىكى دولانلارغا قارىدىم:

ـدولان ئۇسسۇلىنى بۇلارمۇ ئۆگىنىپ كېتىپتىغۇ؟!

ـ ئۆگەنمەمدۇ دېسىلە! ـ دېدى بىرەيلەن كۈلۈپ كېتىپ، ـ جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى بىلىدىغان خەق ئىكەن، نەدە مەشرەپ قىلساق، شۇ يەرگە پەيدا بولىدۇ، بىز بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، تاڭ ئاتقۇچە بىز بىلەن ئويناپ ھارمايدۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرتتا بىر نەچچە يۈز خەنزۇمۇ مەشرەپچى بولۇپ قالدى. . .

گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، سورۇنغا دىققەت قىلالماي ئولتۇرغانىكەنمەن، خۇدا بەردى ئابدۇللا تۈرتۈپ گېپىمنى بۆلدى:

ـ ئاۋۇ بالىلارنى قارا!

سورۇندا سەككىز ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان بىر ـ بىرىدىن ئوماق 20 ـ 30 نەپەر ئۆسمۈر ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇلار تۇرنىلاردەك تىزىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ماھىنۇر قاسىم، روزى ھوشۇر، زىننەت ئۆمەر قاتارلىق رەھبەرلەر ئولتۇرغان سۇپىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋىدى، ئۆسمۈرلەر پاسبانى ماھىنۇر خانىم كۆزىگە ياش ئالغانچە، ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدى، پۈتكۈل مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىدىن لەرزىگە كەلدى. مۇھەممەت بارات ھاكىمنىڭ دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيە بويىچە بارلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دولان مۇقاملىرى، دولان ئۇسسۇلى ۋە مەشرەپ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇۋېتىپتۇ.

يەنە خىيال، ياق! بۈگۈن، يەنى 6 ـ ئۆكتەبر چۈشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ئەسلىمىسى:

مەكىت ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىكى رەسسام، ھەيكەلتاراش ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلۇغۋار مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىسساخاننىڭ ئانا يۇرتى ـ غازكۆل يېزىسىغا ـ يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ سەيناسىغا ئامانىسساخان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقىغا ئاتاپ «كىچىك ئامانىسسا» ھەيكىلىنى ياساتقانىكەن. بۈگۈن ئەتىگەن سائەت توققۇزدا پۈتكۈل يىغىن ئەھلى مىڭلىغان دولانلار بىلەن بىرلىكتە يۇپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بىزدە ئادەتتە يىغىن ـ مەجلىس ھەتتا مۇراسىملار تولىمۇ ئۇزۇن ۋە زېرىكەرلىك بولىدىغانىدى. بىراق بۇ يىغىن ـ دولان مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە شۇنچە جىددىي، قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك بولۇۋاتىدۇ. يىغىننىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان بۇ مۇراسىمۇ تەبىئىي تەنتەنە، ياڭراق مۇقام، نەپىس ئۇسسۇل بىلەن باشلىنىپ، ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئاياغلاشتى. ھامىدىن نىياز، مىجىت ناسىر، ماھىنۇر قاسىم قاتارلىق چوڭلىرىمىز ئوتقاشتەك مەخمەل يوپۇقنى ئېچىۋىدى، قىزغۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدىن تولۇنئاي كۆتۈرۈلگەندەكلا، ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئامانىسسا قىزنىڭ پەرىزاتتەك سىماسى جىلۋەقىلدى. مىڭلىغان كەپتەرلەر تىنچلىق ـ ئاسايىشلىق ئەلچىسى سۈپىتىدە زەڭگەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلاپلا، ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتجان راشىددىن قاتارلىق شائىرلار ئامانىسساخانغا ئاتالغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئابلىز شاكىر، ئايشەم قەييۇم، خالىق ھاجى قاتارلىق مۇقامچىلار مۇقام ئوقۇدى. ھەيكەل ئورنىتىلغان ھويلا خاسىيەتلىك ماكانغا ئايلىنىپ، تەنتەنە سادالىرى پەلەككە يەتتى.

بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ئۇلۇغ ئانا ماھىنۇر خانىمنىڭ مەكىت دىيارىغا كەلگەندىن كېيىن كۆزىگە ياش ئېلىشى تۇنجى قېتىم يانتاق يېزىسىدا يۈز بەردى. يىغىن ئەھلى تەكلىپ قىلىنغان يېزىلىق دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنىدا كۆزىگە ياش ئالغانلار، ھەتتا ئۆزىنى توختىتالماي، ئېسەدەپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. ھاياجانلىنىش دەسلەپكى پاراتتىلا باشلاندى: يانتاق يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن تەنھەرىكەت مەيدانىدا تۇنجى قېتىم10 رەت بولۇپ تىزىلغان نەچچە يۈزلىگەن ئەر ـ ئاياللاردىن تەركىب تاپقان دولان ئۇسسۇلى قوشۇنى ئۆتتى. ئارقىدىن، مول ھوسۇلنى ئىپادىلەيدىغان يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسى زاھىر بولدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا قارىچۇغا، بۈركۈت ۋە ئوۋ ملتىقلىرى بىلەن جابدۇقلانغان ئاتلىقلار قوشۇنى، ئاندىن ئۈچتىن قاتار بولۇپ، ھەيۋەتلىك موتسىكلىتچىلار قوشۇنى. . . ئۆتتى. ھامىدىن نىياز، مىجىت ناسىر، ماھىنۇر قاسىم، روزى ھوشۇر قاتارلىق رەھبەرلەر ۋەمېھمانلار ھەر بىر قوشۇن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى. دەل ئاتلىقلار قوشۇنى ئۆتۈۋاتقاندا، نېمىنىدۇر ئەسلەپ قالدى بولغاي، ماھىنۇر خانىم ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يېشىنى سۈرتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن چاۋاك چالاتتى.

7 ـ ئۆكتەبر، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر جەم بولۇپ قىزغىن مۇھاكىمىگە چۈشتى. گەپنىڭ ئۇچىنى ئاتاقلىق ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئاكا باشلاپ بەردى: دولان ـ بىر ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ نامى، بۇ قەۋمنىڭ تارقالغان دائىرىسى مەكىت بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىنمۇ ھالقىپ كېتىدۇ. شۇنچە كەڭ زېمىندا، ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئورتاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن. دولان مۇقاملىرى مىللەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغانىكەن، ئۇنى «سېنىڭ ـ مېنىڭ» دەپ ئايرىپ، يۇرت ـ مەھەللىلەر بويىچە بۆلۈشۈش

ياكى مونوپول قىلىش كويىدا بولماسلىق لازىم. ئالىمنىڭ بۇ گېپى يىغىن ئەھلىنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققان بولسا كېرەك، مەجلىسخانىدا قىزغىن ئالقىش ياڭراپ كەتتى. راست ئەمەسمۇ؟ بىزدە شۇنداق يامان ئىللەتلەرمۇ باركى، قولىمىزدىن كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان نەرسىلىرىمىزنى تالاشماي، قولىمىزدا تۇرغان نەرسىلەرنىڭ كىمگە مەنسۇپلۇقى ئۈستىدە ھارماي تالاش-تارتىش قىلىمىز. بىر ئوبدان ئۇيۇل تاشنى ئېزىپ، قايتىدىن قومغا ئايلاندۇرغانىنىڭ زادى كىمگە پايدىسى بار؟ ئامانىساخانىنى بەزىلەر يەكەنلىك دېسە، يەنە بەزىلەر مەكىتلىك دەپ تالاشماقچى بولغان بولساكېرەك، ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ: «ئامانىساخان ئالدى بىلەن ئۇيغۇر، ئەينى ۋاقىتتا يەكەن بىلەن مەكىتمۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى، ھازىرمۇ ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق!» دېگەن گېپى ھەممەئۇششاق گەپلەرنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى بولغاي، مۇھاكىمە جەريانىدا يۇرتۋازلىق شامىلى چىقمىدى.

ئىككى كۈن داۋاملاشقان ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى، شائىر، كومپوزىتور، تەتقىقاتچىلار دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىلمىي ئۆلچەم، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، دولان مۇقامىنىڭ قەدىمىيلىكى (تارىخى)، تارقالغان دائىرىسى، مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مۇقاملارنىڭ ئىسمى، تېكىستولوگىيىسى، دولان مۇقامىنىڭ 12 مۇقام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

* * *

بىزدە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ئىشلىرىغا كونكرېت قاتنىشىشى تولىمۇئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال. رەھبەرلەر ئادەتتە قېلىپلاشقان ئېچىش-يېپىش نۇتۇقلىرى ياكى تەبرىك سۆزلىرى (ئۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە كاتىپلارنىڭ ئەسەرلىرى) بىلەنلا قاتنىشىش-بىزدە ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەن ئۇزۇن يىللىق مۇخبىرلىق ھاياتىمدا ئۇنداق يىغىنلارنى كۆپ كۆرگەن. بۇ قېتىم باشقىچە بولدى: مەيلى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ھامىدىن نىياز، مىجىت ناسىر، ماھىنۇر قاسىملار بولسۇن، مەيلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئابدۇقادىر نەسرىددىن، زىننەت ئۆمەرلەر بولسۇن، سەنئەت ئىچىگە، مۇھاكىمە ئىچىگە بۆسۈپلا كىردى. ئۇلار كاتىپلارنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى، چۈشەنگەن، دەڭسەپ باققانلىرىنى دېدى، دېگەندىمۇ يوليورۇق سۈپىتىدە دېمەي، تەكلىپ-مەسلىھەت سۈپىتىدە دېدى. ئۇلار «كاتىپ دىكتاتورىسى» دىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلغان بولغاچقا، ئۆزلىرىمۇ روھىي ئازادلىكنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى بىر قېتىم تېتىپ قالدىغۇ، دەيمەن. خەلقنىڭ ئانىسى سۈپىتىدە ماھىنۇر خانىم بەكرەك ھېسسىياتچان بولسا كېرەك، بايا ئېيتقاندەك، ئانچە-مۇنچە كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرغاندىن تاشقىرى، گېزى كەلگەندە مەززىلىك گەپلەرنى قىلىپ تۇردى:

— ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، چېكىنمەي كۈرەش قىلىپ كەلگەن باتۇرانە سىماسى نامايان بوپتۇ! — دېدى ئۇ دولان ئۇسسۇلىدا ئىپادىلەنگەن جەڭ مەيدانى مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ، — دېمەك، مۇقاممۇ، ئۇسسۇلمۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى...

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، — دېدى ئۇ بىر قېتىملىق مۇھاكىمىدە ئوقۇغۇچىدەك قول كۆتۈرۈپ، — بەزىلەر ئامانىساخانىنى «مەلىكە ئامانىسا» دەۋاتىدۇ. مەلىكە دېگەن شاھ-سۇلتانلارنىڭ قىزى، دېگەن گەپ بولسا كېرەك. ئامانىساخان بولسا ئاددىي بىر پۇقرانىڭ قىزى. شۇڭا، ئۇنى ئامانىساخان دەپ ئاتاۋەرسەك، دەيمەن. «خانىش ئامانىساخان» دېسەكمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شۆھرىتى خانىشلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۆچمەس تۆھپىسىدە.

* * *

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تۈگەپ ئىدارىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، قۇلىقىمدىن مۇقام ساداسى كەتمىدى، پۇتلىرىممۇ ھەدېسىلا دولان ئۇسسۇلىغا كېتىۋاتقاندەك شېرىن ھالەتتە يۈردۈم. شۇنداق شېرىكەيپلىك ئىچىدە بىر كۈنى، ھازىر ئىسرائىلىيىنىڭ بىر سەنئەت ئۆمىكىدە باللېت ئارتىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، قەشقەرگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا مۇقام تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇنىڭ پىلتىسىغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى:

— ئاكا، مەن دۆلىتىمىزدە ۋە ئەنگلىيىدە بىر نەچچە يىل مەخسۇس باللېت ئۆگەندىم، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمدە مۇقاملىرىمىزغا باللېت ئۇسسۇلى ئىشلەپ، خەلقئارا سەھنىگە چىقىرىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئارزۇ يالقۇنجاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن يات ئەلدە جىددىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپمۇ، بۇ ئارزۇيۇمنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. مەن بىزنىڭ بەزى مۇقاملىرىمىزغا نۇرغۇن باللېت ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەپ قويدۇم، مەن ئۇنى چوقۇم مۇكەممەل ئەسەر قىلىپ چىقىمەن، مىللىتىمنى، مىللىتىمنىڭ سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش يولىدا ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە كۈرەش قىلىمەن! خۇدا بۇيرۇسا، سەھنىدە كۆرىسىز، ئاكا! — دېدى ھېلىقى يىگىت ھاياجان بىلەن. مەن بۇ گەپكە ئىشەندىم. چۈنكى ئۇ ئادەتتە ناھايىتى سالماق، كەمتەر، دېگىنىنى قىلىدىغان، بىر ئىش قىلسا ۋايىغا يەتكۈزمەي قويمايدىغان ئىجتىھاتلىق يىگىت ئىدى. M1



# قەدەمجايغا تىكلەنگەن ئابىدە

## زۇنۇن ئىسلام

1994 - يىل 6 - ئۆكتەبىر، خالاستان (تىزناپ) دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقان قەدىم توغراقلىق، ھازىرقى كۆجۈم بوستانلىق - ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۈي شەكلى بويىچە يۇرۇشلەشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىققان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە، خانىش ئاماننىساخانىنىڭ مۇبارەك كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قەدەمجاي قومۇشمەھەللە (شاھ تارتار) كەنتى جايلاشقان مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىدا قالتىس تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بىر كۈن بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتكارلار، شائىرلار، يازغۇچىلار، كومپوزىتورلار، مەكىت ناھىيىسىدىكى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرى، بۇ يېزىدىكى مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامدىن نىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىملار يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى سەيناسىغا تىكلەنگەن «كىچىك ئاماننىسا» ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئاچقاندا مۇقام - مەشرەپ، نەغمە - ناۋا سادالىرى پەلەككە ياڭراپ، تىنچ - ئەمىنلىك، بەخت - سائادەتنىڭ ئەلچىسى بولغان مىڭلىغان كەپتەرلەر شىشىدەك كۆز ئاسمىنىغا ئۆرلەپ قانات قاقتى.

### ھەيكەل تىكلەش ھەققىدىكى ئويلار

- ئۆز ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىدا خاتىرە ھەيكىلىنى تىكلەش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا تېخى تۇنجى ئىش، جۇمۇ.

- بۇ، ئەجدادلىرىمىزنى ئۇلۇغلاشتىكى ياخشى باشلىنىش دەڭلا.

- 25 مىڭ يۈەن خەجلەپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۈزرۈكۋار ئانىسىغا ئاتاپ تۇغۇلغان يۇرتىدا ھەيكىلىنى تىكلەشنى غازكۆلدىكى باشلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىكى قالتىس بىر يۈكسىلىش دېيىشكە بولىدۇ.

- مۇشۇ خاسىيەتلىك ئىش ئەقلىگە كېلىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تىكلىگەن قايسى ئوغۇلبالىدۇ؟

- ئەنە، ئاشۇ ئادەم شۇ، - دەپ كۆرسەتتىم مەن مېھمانلارنىڭ ھەيكەل ساياھىتىدىن پەخىرلىنىپ بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان 42 - 43 ياشلار چامىسىدىكى، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، تەمبەل كەلگەن كىشىنى چاقىرىۋېتىپ، - مانا، ھەر قايسىلىرى سۆيۈنگەن ئىشنى قىلغان ئىمىن تۇرەك دېگەن ئوغۇلبالا، ئۆزى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى. ھەقىقەتەن ئۇ بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى چىڭ تۇتىدىغان رەھبەر، - دەپ گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۆزۈمنىڭ كەسپىي سۆزۈمنىمۇ قوشۇۋالغاچ ئۇنى مېھمانلارغا تونۇشتۇردۇم.

- قەشقەر ۋە بېيجىڭدىكى پارتىيە، كادىرلار مەكتەپلىرىدە بىر - ئىككى يىل ئوقۇپ ئاز - تولا سىياسىي نەزەرىيە بىلىمىگە ئىگە بولغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرەر مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىم يوق. مەدەنىيەت، سەنئەت، تارىخ ھەققىدە تۈزۈك گەپ ئاچالمايمەن. لېكىن

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى»، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك . بىباھا مىراس ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا زور تەسىر قوزغاپ، دۇنياۋىي كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى يەنە كېلىپ ئاشۇ 12 مۇقامنى مۇكەممەل، ئىلمىي، چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇرغان ئۇلۇغۋار مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئاماننىساخاننىڭ بىزنىڭ يۇرتتا تۇغۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن چەكسىز پەخىرلەندىم. ئاخىرى بۇ ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازىنىڭ خاتىرىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەبەدىيلەشتۈرۈش، ئۆلمەس تارىخىي تۆھپىسىنى قەدىرلەپ، غاز كۆللۈكلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاماننىساخاننىڭ قەدەمجايىغا مۇشۇ ئابىدىنى تىكلەش خىيالىغا كەلدىم. . .

ئىمىن تۇرەك ئۆيلىغانلىرىنى سەمىمىي يوسۇندا مېھمانلارغا شۇنداق ئىزھار قىلدىيۇ، سەل تارتىنغاندەك:

- بۇ تېخى ئۇلۇغلىرىمىزنى ئەسلەش، يادلاش يولىدىكى تۇنجى قەدەم، ئەمدىكى گەپ، مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، راۋاجلاندۇرۇش، ياش مۇقام ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە قالدى، - دېدى تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ.

## ئەھمىيەتلىك ئىشقا پۇل خەجلەيدىغان يۇرتپەرۋەر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇقام - مەشرەپ خۇمار غاز كۆللۈكلەر قورساق تويغۇزۇشتىن ھالقىنىشقا - باي بولۇشقا قاراپ ماڭدى. مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ كۈنسايىن جانلاندى. بولۇپمۇ ئىمىن تۇرەك يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن يىلغا يۇكسىلىپلا قالماستىن، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايىماي پۇل خەجلىدى:

1989 - يىلى يېزا مالىيىسى 75 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ مىللىي پوسۇندىكى، كۆركەم، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مەركىزى سالدى؛

1990 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە يېزا مالىيىسىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن 67 مىڭ يۈەن پۇلغا 6000 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب، 50 نەچچە خىل گېزىت - ژۇرنال، بىر دانە سىنئالغۇ، بىر دانە سىنقويغۇ، چوڭ ديومىلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، ماتور ھەمدە تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرى سېتىۋېلىنىپ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى. يېقىندا بۇ مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەركىزى» دەپ باھالاندى؛

1993 -، 1994 - يىللىرى يېزا مالىيىسى يەنە 68 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يازلىق ۋە قىشلىق كىنو - تىياتىرخانا سېلىندى؛

1990 - يىلدىن ھازىرغىچە يېزا بويىچە 22 كەنتنىڭ بىرگىلىمسىدە «مەدەنىيەت ئۆيى» قۇرۇلۇپ ئەسلىھەلەر ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەندى. . .

- بىر يۇرتنى ئىقلىمغا تونۇتۇشتا، - دېدى ئىمىن تۇرەك مېھمانلارنىڭ يېزىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، - ئېتىزدىن چىققان ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدېنى، ئېغىل - قوتانلىرىدىكى مال - چارۋىسى، بانكىدىكى جامائەت جۇغلانمىسى بىلەن ئەمەس، شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت - سەنئىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەنزىرىلىك جايلىرى، ئاسار - ئەتىقىلىرى، تارىختىكى ئۇلۇغلىرى، ئادەملىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسىغا قاراپ تونىتىدىغان گەپ. دېھقانچىلىق دېگەننى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ، پۇلنى ھۇش - كاللىسى جايىدا ئادەم بولسا تاپالايدۇ. بۇ ھېچكىمگە يېڭىلىق ئەمەس.

ئۇ ئەتراپىدىكى مېھمانلارغا - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئەيمىنىش نەزەرىدە قاراپ قويۇپ كۆڭلىدىكى گېپىنى چاقچاققا يۆلەپ دەۋالدى:

- ئەگەر دولان مۇقامى بىلەن دولان مەشرىپى ھەر قايسىلىرىنى قىزىقتۇرمىغان بولسا، بۇ چەت - ياقا ناھىيىمىزگە شۇنچە كۆپ ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر كەلمىگەن بولۇشاتتىلە. مۇبادا غاز كۆل يېزىمىز ئاماننىسا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولمىغىنىدا ئىدى، سىلەردەك كاتتىلىرىمىزنى بىز 40 كېچە - كۈندۈز ئات - تۆگە سويۇپ مېھمان قىلىمىز، دەپمۇ چىللاپ ئەكىلەلمەيتتۇق. . .

- مۇقام ئەجدادىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى، يۇرتىنىڭ يىراقنى كۆرەر باشچىسى بولۇشقا لايىق ئەر ئىكەن. ئەگەر ئەمەلدارلىرىمىز ئىمىن تۇرەكتەك بولسا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى قانچىلىك گۈللىنىپ كېتەر ئىدى، - دېيىشتى مېھمانلار غازكۆل يېزىسىدىن كېتىۋېتىپ ھەم قايىللىق، ھەم ئۆيلىنىش ئىچىدە. M1

---

**يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى**

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن كادىرلار مىنىستىرلىكى 12 - ئاپرېل شىنئەندە ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئىلغار كوللېكتىپ، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلەت مەتنىياز، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇتەللىپ سېيىت ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئامىنە ئابدۇرېشىت

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




▲ئەرەبىستاندا ئىلمىي ھېكمەتتە تەڭدىشى يوق شان دېگەن بىر ھەكىم ئۆتكەنىكەن. ئۇ، زەكىي - بىلىمدان قىز تېپىلمىغۇچە ئۆيلەنمەيمەن، دەپ ئەھدە قىلغانىكەن. شان لايىق ئىزدەپ ئالەمنى بىر نەچچە قېتىم كېزىپ چىقىپمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك قىز تاپالماپتۇ. شۇ مەقسەتتە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولدا ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئۇچراپ ھەمراھ بوپتۇ.

شان ھەمراھىغا:

- سەن مېنى كۆتۈرەمسەن ياكى مەن سېنى كۆتۈرىمەنمۇ؟ - دەپتۇ.

- ئەجەبمۇ تېتىقسىز - لاۋزا ئادەم ئىكەنسەن، - دەپتۇ ھەمراھى، - مۇشۇ تاپتا سەللەممۇ ئۆزۈمگە ئېغىر كېلىۋاتقاندا، سېنى كۆتۈرىمەنما ئەمدى.

شان ئۈنچىقماپتۇ. ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن تازا ئوخشىغان بۇغدايلىققا يېتىپ كېلىپتۇ. شان بۇغدايلىققا قاراپ:

- بۇ بۇغدايلارنىڭ دېنىنى يەپ بولغانمىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ھەمراھىدىن.

- ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ساراڭ ئادەممۇ - نېمە سەن! بۇغداي تېخى ئورۇلماي تۇرۇپ دېنىنى يەپ بولامدۇ؟! - دەپتۇ ھەمراھى تېرىكىپ.

شاننىڭ يەنە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاۋۇت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر ئۇچراپتۇ.

- بۇ ئادەم ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ شان يەنە ھەمراھىدىن.

- ئەستاغپۇرۇللا، ئۆمرۈمگە كېلىپ سەندەك ئەخمەقنى كۆرمەپتىكەنمەن. نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، قەبرىستانغا ئېلىپ كېتىۋاتقان مېيىتنى ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ دەيسەنغۇ؟ قىپقىزىل ساراڭمۇ سەندەك تېتىقسىز - لاۋزا سوئالنى سورىمايدۇ. ئەمدى ماڭا گەپ قىلغۇچى بولما، ئەخمىقانە سۆزلىرىڭدىن تويدۇم، - دەپ قول سىلكىپتۇ ھەمراھى.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى لام - جىم دېيىشمەي سۈكۈت بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھېلىقى كىشى مەنزىلىگە يەتكەندىن كېيىن، بوپتۇلا، بۇمۇ بىر مۇساپىر ئىكەن، يولدا كەلگۈچە ئازار بېرىپ دىلىنى چېگىپ قويدۇم، كۆڭلىنى ئېلىۋالاي، دەپ ئويلاپ شاننى ئۆيىگە باشلاپ، مېھمان قىلىپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، ئەقىل - پاراسەتتە ھەممە قىزلارغا دەرس بېرىدىغان بىر قىزى بار ئىكەن. قىز ئاتىسىدىن سوراپتۇ:

- ئاتا، ھەمراھىڭىز كىممۇ؟ يولدا كەلگۈچە نېمىلەرنى سۆزلىشىپ كەلدىڭىز؟

- ئەي قىزىم، - دەپتۇ ئاتىسى، - قىپقىزىل بىر ساراڭكەن دېگىنە ئۇ. تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تازىمۇ مەنتىقسىز سوئاللارنى سوراۋېرىپ، ئەجەبمۇ كەيپىمنى ئۇچۇردى.

- نېمە دېدى زادى؟ - دەپ سوراپتۇ قىزى.

- مەن بىلەن ئۇچرىشىپلا «سەن مېنى كۆتۈرەمسەن ياكى مەن سېنى كۆتۈرىمەنمۇ؟» دېدى. ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كېتىۋاتقاندا، ئۇنى قانداقمۇ كۆتۈرەلەيتتىم، قىزىم. بىردەم مېڭىپ بۇغدايلىققا يېتىپ كەلگەندە: «بۇ بۇغدايلارنىڭ دېنىنى يەپ بولغانمىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۈچىنچى سوئالنى ئاڭلىساڭ «تووۋا» دەيسەن. قەبرىستانغا ئېلىپ كېتىۋاتقان تاۋۇتنى كۆرۈپ: «تاۋۇتتىكى ئادەم ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ؟» دەيدۇ.

قىزى ئاتىسىغا:

- ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ يامان قىپسىز. سىزدىن سورىغان بۇ سوئاللىرى ئۇنىڭ تەڭداشسىز ھەكىم ۋە قالتىس بىلىمدان كىشى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بىرىنچى سوئالىنىڭ مەنىسى: «يولنىڭ جاپاسىنى ئازايتىش ئۈچۈن سەن ھېكايە - چۆچەك ئېيتقاچ ماڭامسەن ياكى مەن ئېيتىمەنمۇ؟» دېگىنى. بۇ يەرنىڭ بۇغدىيىنى يەپ بولغانمىدۇ، دېگىنىنىڭ مەنىسى شۇكى: بۇ ئاشلىقنى تېرىغان ئادەم چوقۇم بىرەر جازانىخورغا قەرزدار بولۇشى، ئۇنىڭ قىستىشىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش مەقسىتىدە،



بۇغدايىنى ئورۇش بىلەنلا دېھىنى ئۈزۈللا بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ قەرزىگە بېرىشى مۇمكىن. مۇلاھىزە قىلىپ باقساڭ، بۇغدايىنى پىشماي تۇرۇپ يەپ بولغاندەك تۇرىدۇ. تاۋۇزتىكى مېيىتنى ئۆلۈكمۇ ياكى تىرىكمۇ، دەپ سورىغانلىقىنىڭ مەنىسى شۇكى: بۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئىزىنى باسقۇدەك بىرەر پەرزەنتى ياكى شاگىرتى بارمۇ-يوق، ئەسلەشكە ئەرزىگۇدەك بىرەر ياخشى ئىش قىلغانمۇ ياكى نادان ۋە پاسىقلىقىدىن، ئۆلۈشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ دېمەكچى. سىز دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ناماقۇل بولۇپ زىياپەت بېرىپ، سورىغان سوئاللىرىنى مەن دېگەندەك شەرھلەپ بېرىڭ. بولمىسا، ئۇ سىزنى نادان ۋە ئەخمەققە چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن.

شۇ ھامان قىزنىڭ ئاتىسى شاننىڭ ئالدىغا چىقىپ:

- مەن يولدا ئەخمەقلىق قىلىپ سوئاللىرىڭىزغا ئوبدانراق جاۋاب بېرەلمىگەنىدىم. ھازىر ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ تەپسىلىي جاۋاب بەرمەكچىمەن، - دەپ قىزىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە شاننىڭ سوئاللىرىنى شەرھلەپتۇ.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان شان:

- بۇ سۆزلەر سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە پۈتۈنلەي خىلاپ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ سۆزلەرنى كىمدىن ئۆگەنگەنلىك ۋە بۇ سىرلارنى ساڭا كىم يېشىپ بەردى، شۇنى دەپ بەرگىن، - دەپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قاپتۇ ۋە راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

- ھۆسن-جامال ۋە ئەقىل-پاراسەتتە تېڭى يوق بىر قىزىم بار، ماڭا بۇ سوئاللارنىڭ مېغىزىنى شۇ چېقىپ بەردى، - دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شان شۇنچە يىلدىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن مەھبۇبىنى ئەمدى تاپتىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنى نىكاھلاپ ئەمرىگە ئاپتۇ ۋە ئاخىر مۇراد-مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

▲ بىر سازەندە دوستى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغانىكەن، تۇساتتىن «پاق» قىلىپ تامدىن بىر چالما چۈشۈپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ. سازەندە دېدەك قىزغا:

- ئۆگزىگە چىقىپ قاراپ باقچۇ، كۈن ئولتۇرۇپتىمۇ؟ - دەپتۇ.

دېدەك قىز ئۆگزىگە چىقىپ خېلىدىن كېيىن چۈشۈپتۇ ۋە خوجايىنىغا:

- ھە، كۈن ئولتۇرۇپتۇ، - دەپتۇ.

مېھمان تەئەججۈپلىنىپ، دوستىغا:

- شام ۋاقتى بولدى، كۈن ئولتۇرغىنىنى تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ - دېسە، دوستى شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

- بىلىشنىغۇ بىلىمەن، ئەمما بۇ قىزنى ئۆگزىگە يىگىتى ئالدىغا چىقىرىش ئۈچۈن بىرەر باھانە كېرەكتە. بولمىسا ئۇ كېچىچە بىزنى بىئارام قىلىدۇ.

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئابدۇۋەلى خەلپەت**

▲ ئارستوتىل ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلىنى چاقىرىپ:

- ئوغلۇم، ئۆز ئۆمرۈمنى ئىلىم-ھېكمەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە ئېچىش يولىدا سەرپ قىلدىم. ئىلىم-ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن خېلى كۆپ تۈگۈنلەرنى يەشتىم، ئەمما ئۆلۈمگە كەلگەندە چارە تاپالمىدىم. ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى، ئوغلۇم مال-دۆلەت ئارقىسىدا ئاشۇرۇلغان ئىززەت-ئابرويدا ۋاپا يوق. ئىززەت-ھۆرمەت، شان-شەرەپ ئىلىم-پەندە؛ ئىلىم نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شان-شەرەپ پاناھلىق ۋە زاۋاللىقنى بىلمەيدۇ. دۆلەت ۋە سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ.

ئوغلۇم، شاھلار مېنىڭ ئاتاڭنى ئىلمى ئۈچۈنلا ھۆرمەت قىلدى. بولمىسا، ئاتاڭمۇ ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى بىر ئادەم ئىدى. شاھنىڭ خىزمىتىدىكى ئادەملەر شاھلارغا ئەگىشىپ تازىم قىلىشتىن ۋە چوقۇنۇشتىن باشقىنى زادى بىلمەيدۇ. ئاقىللار بىلەن نادانلارنىڭ ئارىسىدا يەر بىلەن ئاسمانچە پەرق بار.

ئاتاڭنىڭ ئىلمى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ شاھلار ئۈچۈن كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەكتىن پەرقى يوق ئىدى. ئۇلارغا چوقۇنىدىغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر چاكىرى بولار ئىدى.

ئىززەت-ھۆرمەتكە لايىق بولاي، نامىم ئەبەدىي قالسۇن دېسەڭ ئىلمىڭنى ئاشۇر! - دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ.

▲ ئايۇپ ئەرەب خەلىپىسى مەنسۇرنىڭ مۇلازىمى ئىكەن. لېكىن، خەلىپە ئۇنى چاقىرتسا، رەڭگى-رويى ئۆچۈپ، ئەزايى-بەدىنىنى تىترەك باسىدىكەن. بىر كۈنى خەلىپىنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ:

- سەنغۇ خەلىپىنىڭ ئەڭ ئەزىز مۇلازىمى، سۆھبەتدىشى، دوستى بولسەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىمنىڭ سەنچىلىك ئىززەت-ئابرويى يوق. ئەمما خەلىپە ھەر قاچان سېنى چاقىرتسا، نېمىشكە ئۆزۈڭنى يوقىتىپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

ئايۇپ مەھرەمنىڭ سوئالىغا جاۋابەن بۇ ھېكايىنى نەقىل قىلىپ بېرىپتۇ:

بىر كۈنى بۈركۈت خورازدىن سوراپتۇ:

- سەن جۆجە ۋاقتىلىرىڭدىن باشلاپ ئادەملەر ئارىسىدا ياشاپ كەلگەنسەن، ئۇلار ساڭا ئۆز قولى بىلەن دان، سۇ بېرىدۇ، ئۆز ئۆيلىرى يېنىدىن ساڭا كاتەك سېلىپ بېرىدۇ. يەنە نېمە ئۈچۈن ھەر قاچان ئالدىڭغا كېلىپ سېنى تۇتماقچى بولسا، قاقاقلاپ، ئۇ ئۆيدىن-بۇ ئۆيگە، ئۇ تامدىن-بۇ تامغا ئۇچۇپ كېتىسەن؟ مانا مەن بولسام، بىر يىرتقۇچ قۇشمەن، تاغۇ-تاشلار ئارىسىدا ماكان تۇتقانمەن. ئەمما، ئادەملەر مېنى تۇتسا، قولىدا ئارام ئالىمەن، ئوۋنىڭ كەينىدىن ئەۋەتسە، ئالدىرىماي ئاستا قانات قېقىشىمغا قارىماستىن، ئولجىنى ئېلىپ كېلىمەن، ھېچقاچان ئادەملەردىن قاچمايمەن، داد-پەرياد كۆتۈرمەيمەن.

خوراز سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ:

- ئېيتقىنا، ئۆمرۈڭدە بۈركۈتنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتتا پىشۇرغانلىقىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ - دەپتۇ.

- ياق!

- ئۇنداق بولسا، ئاڭلا: مەن شۇ دەرىجىدە ئەقلىمنى تاپقانكى، تالاي خورازنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، يۈڭزىلاپ، زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ يېگەنلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. مېنىڭ قاقاقلاپ، پەرياد كۆتۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، - دەپتۇ خوراز.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى

M1

www.uyghurkitap.com

# بىزدىكى خوتۇن - قىزلار دىشۋارچىلىقى





**نىزامىددىن ھۈسەيىن**

خوتۇن - قىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان (ياراتمايدىغان، كەمسىتىدىغان، خورلايدىغان) روھىي ئىللەت ئۇيغۇر روھىيىتىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. جاھالەت بېسىمى، ئەرلەر بېسىمى ئائىلىلەر بېسىمى، جەمئىيەت بېسىمى، مىللەت خاراكتېرلىك خوتۇن - قىزلار دىشۋارچىلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. زامانىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتىدىن ھالقىغان، مىللەت مەنىۋىيىتى (تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت ۋە كىشىلىك قاراش، بىلىش) دە مىللىي روھ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل دىشۋارچىلىقنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

**بىزدىكى جاھالەت (خۇراپات) بېسىمى: ئاساسەن خوتۇن - قىزلارنى خۇراپىي ئادەتلەر ئاسارىتىدە تۇتۇش، كەمسىتىش، خورلاش، ئېزىش... ئالامەتلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.**

ئەمدىلا ھاياتلىق قەدىمىنى باسقان نارەسىدە - كىچىك



(14، 15، 16 ياشلاردىكى) قىزلارنى خۇراپىي ئادەتلەر بېسىمى بىلەن زورلاپ «ئەرگە» بېرىۋېتىش، ئەمدىلا بالاغەت يېشىنى ياشاۋاتقان (17 - 18 ياشلار چامىسىدىكى) قىزلارنى «لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ»، «خۇدا ئۇرۇپتۇ»، «بەختى ئېچىلماپتۇ...» دېگەندەك تۆھمەت، مەسخىرىلەر بېسىمىغا ئېلىش، خۇراپىي قاراشلار تۈپەيلىدىن ھېچقانداق ئىچ ئاغرىتماي بەزىبىر سەبىي قىزلىرىنى «ساۋاب» لىق ئۈچۈن «پىرىم»، «خوجام» لارغا «دۇئا» غا «خوتۇن» لۇققا بېرىۋېتىش، خوتۇن - قىزلارنى ئۆيلەرگە دۈملىۋېتىش، خۇسۇسىي مال ئورنىدا كۆرۈش بەزىلىرىمىزدىكى جاھالەتچىلىك بېسىمىنىڭ بىر تەرىپى ئەمەسمۇ؟

- مېنى، - دەيدۇ مۇشۇنداق جاھالەت قۇربانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان x x لىق 21 ياشلىق روپاش چوكان x x خان: «دادام ئاخىرەتلىكىنى كۆزلەپ ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان ‹پىرى›، x x شەيخ دېگەن كىشىگە 1989 - يىلى 14 يېشىمدىلا ‹دۇئا› قىلدۇرۇۋەتكەنىكەن. شۇندىن بۇيان x x مازىرىمدا شۇ زاتنىڭ 14 - قېتىملىق خوتۇنلۇقىدا خۇداغا قۇلچىلىق قىلىمەن. ئۈچ بالىلىق بولدۇم. ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئۈچ، شەيخىمىزنىڭ بۇرۇنقى قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىدىن قالغان تۆت، جەمئىي يەتتە بالىنى باقىمەن. شەيخىم مېنى روپاش تۇتىدۇ. ئۆيدىن چىققۇزمايدۇ. تولا دۇمبالاپ ئىككى قۇلىقىمنى گاس قىلىۋەتتى. ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم...»

دەرۋەقە، جاھالەتچى «پىر» - «ئۇلۇغلار» دامىغا ئۈتۈپ قالغان خوتۇن - قىزلارنىڭ قۇلىقىدىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىرى بەك ئاز. چۈنكى ئۇلار: خوتۇن كىشىنىڭ قۇلىقى گاس بولسا، ھەر خىل يامان گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ. ئىبادەتنى ئوبدان قىلىدۇ. يۇۋاش بولىدۇ، جاۋابلاشمايدۇ، ئويۇن - كۈلكە بار يەرگە بارمايدۇ، ئادەم بار يەردىن قاچىدۇ، ئۆزىنى ياسىمايدۇ... دەپ قارىشىدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

«لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ» دېگەن خۇراپىي بېسىمنىڭ تەسىرىدە قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغان 18 ياشلىق بىر قىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى توغرىسىدا 1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چىققان «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇنداق بىر ۋەقەلىك ئېلان قىلىنغان: «... ھەبىبىخان توختى پىچان ناھىيە لەمجىن يېزىسىنىڭ كارىز مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئۆمرىدە ئۆز يېزىسىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغان 18 ياشلىق باكىر قىز ئىدى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت سىرتقى مۇھىت بىلەن ئالاقىسىز ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنمىكىن رەسىدە (بويىغا يېتىپ - ئا) بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئەلچى كەلمىگەن. قىز ئۈستىدە خۇراپىي ئادەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى پەيدا بولغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھال ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. ئاخىر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەبىبە قىزنى داخانغا ‹دۇئا› ئوقۇتۇپ ‹بەختى› نى ‹ئاچقۇز› ماقچى بولغان - دە، 1988 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نۇرغۇن ‹دۇئا›، راسخوتى بىلەن لۈكچۈنلۈك داخان مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ئۆيىگە ئەكەلگەن. داخان مۇھەممەت يۇسۇپمۇ دەرھال قوبۇل قىلىپ ‹بەخت دۇئاسى›، ‹بەخت قەسىدىسى› ئوقۇغان. ئەتىسى قىزنى ئۆزى ئايەت ئوقۇپ تەييارلىغان ‹شىپالىق سۇ› بىلەن تەرلەتمەكچى بولۇپ، تەرلىتىش چۆشكى (ساتما كارىۋات) گە ياتقۇزۇپ قېلىن چۈمكەپ ئۆزى تەييارلىغان تەرلىتىش جابدۇقلىرى بىلەن قاتتىق تەرلەتكەن (قىزنىڭ «قېتىپ كەتكەن بەختى» نى يۇمشاتماقچى بولغان). ئاقىۋەت قاتتىق تەرلىتىش ئازابى (تەرلىتىش ھارارىتى، تەرلىتىش ھورى ۋە تەرلىتىش ئۇسۇلى) غا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قىز تەرلىتىش چۆشكىدىلا ‹دۇئا بەركاتى› بىلەن جان ئۈزۈپ كەتكەن. داخان بولسا ‹يەل بوغۇۋالغان بەتبەخت قىزكەن...› دەپ قاتىللىق مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان. قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ سوراق قىلىنغاندا ئۇ: ‹مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىلا 30 نەچچە خوتۇن - قىزغا 210 قېتىم ‹بەخت دۇئاسى›، ‹بەخت قەسىدىسى› ئوقۇپ بېشىنى ئوڭلىدىم... دەپ جاۋاب بەرگەن».

زامانىمىزنىڭ مۇشۇ چاغلىرىدىمۇ گۈزەل - سەبىي قىزلىرىنى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك تەقدىرگە گىرىپتار قىلىشىۋاتقان نادان ئاتا - ئانىلارنى، نارەسىدە قىزلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق «دۇئا»، «كارامەت» لەر ئىلكىگە ئېلىپ پاجىئەلىك جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشىۋاتقان «شەيخ»، «داخان» لارنى يەنى جاھالەتتە تىرىكچىلىك قىلىش ئىدىيىسىدە جاھانسازلىق قىلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىز ئارىمىزدىن زادىلا تۈگىتەلمەي كېلىۋاتىمىز. مىللىي بارلىقىمىزنى، مىللىي ۋىجدان، مىللىي غۇرۇرىمىزنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان، ئاياغ - ئاستى قىلىدىغان ھەر قانداق «دۇئا» لارغا، ئۆزىمىزنى، جېنىمىزنى، نەسلىمىزنى، ئەل - ماكانىمىزنى، تەقدىرىمىزنى «دۇئا» غا ئالىدىغان ئىسلام دىن رەقىبلىرى - ھەر قانداق «ئىشان»، «خوجام»، «پىرىم»... لارغا دەككە بېرىش، ئالدانماسلىق كەيپىياتىمىز تازا شەكىللەنمەيۋاتىدۇ. بىز پۈتۈن پۇرسەتنى شۇلارغا يول قويۇش بىلەنلا قولدىن بېرىپ كېلىۋاتىمىز.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېلىشىمىزچە، جاھاننىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشى تۆۋەنرەك ئاۋام خەلق ئارىسىدا خوتۇن - قىزلارنى باسىدىغان خۇراپىي ئادەتلەر يەنىمۇ باش كۆتۈرۈپ كەتكەن. مەسىلەن، خوتۇنلىرىنى «سەدرە» - «روپاش» (يۈزىنى يۆگەپ) تۇتىدىغان ئەرلەر ئاۋۇغان. نۇرغۇنلىغان يېزا - كەنتلەردە ئەرلەر بىلەن خوتۇن - قىزلار ئارىلاش بارىدىغان مەشرەپلەر

توختاپ كەتكەن. «بۇۋىم» ، «پىرىم» لەر ۋە ئۇلارغا قول بېرىپ «تەرىقەت» چىلىك قىلىدىغان خوتۇن - قىزلار كۆپەيگەن. قىزلارنى مەكتەپلەردىن، ھۈنەر - كەسىپ ساھەلىرىدىن چېكىندۈرۈۋېلىش - «قىز بالا دېگەن ئۆينىڭ ئادىمى» قىلىۋېتىش ئادىتى باش كۆتۈرگەن. قىزلارنى بەكلا كىچىك - «توماق بىلەن بىرنى ئۇرسا يىقىلمىغۇدەك بولغاندىلا» ئەرگە بېرىۋېتىش شامىلى كۆتۈرۈلگەن. بەزى جايلاردا «خوجا» ، «ئىشان» ، «پىر» ، «ئاشىق» دېگەنلەر باش كۆتۈرۈپ، كىچىك قىزلارنى «دۇئا» بىلەن خوتۇنلۇققا ئالىدىغان، بەزىبىر ئاتا - ئانىلار ئۇ خىل «ئۇلۇغ» لارغا قىز بېرىپ كۈيئوغۇل قىلىۋالىدىغان يامان ئادەت كىشىلەرنىڭ «ئۆز ئىشى» بولۇپ كېتىۋەرگەن.

دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى زامان خۇراپاتچىلىقىمىز خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرىدىغان قارا يۈك، قارا لاتا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**خوتۇن - قىزلار ئۈستىدە بولۇۋاتقان ئەرلەر زوراۋانلىقى (بېسىمى) بىزدە بىر خىل قاراملىقنى، نادانلىقنى ۋە زالىملىقنى مەنبە قىلغان ئادەت بېسىمىدۇر.**

جاھان پۈلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان ئاز - تولا پۇل - ۋەج تاپقان بەزىبىر ئاتكاچا كادالڭ بايۋەچچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خوتۇننى قىزلاشتۇرۇش» ، «خوتۇننى ياشلاشتۇرۇش» ، «قىز ئېلىش» شامىلى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. قېرىپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغان بەزى بايلار، بەزى «پېشۋا» لار ۋە بەزى ئەھلى ئۆلىمالار نەۋرىسىدەك نارەسىدە كىچىك قىزلارنى «خوتۇن» لۇققا ئېلىۋاتقان ھالەتنى جەمئىيىتىمىزدە خېلى كەڭرى ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىز. نىكاھىغا چۈشكەن چوكان، جۇۋانلارنىڭ ھاياتىنى ئۆمۈرۋايەت شۈبھىلىك قىزغىنىش (كۈنلەش) بېسىمىدىلا ئۆتىدىغان، ئۇرۇپ - دۇمبالاپ تۇرىدىغان، يامان گەپلەرنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى، گۇماننىڭ جىقىنى، «گۇناھ» نىڭ ئورغۇنىنى، ئەيىبلەرنىڭ چوڭلىرىنى ھەدېسىلا خوتۇن - قىزلارغا بۇراپ - توغرىلاپ تۇرىدىغان زوراۋان ئەرلەرمۇ بىزدە يەنىلا ئورغۇن بولۇۋاتىدۇ.

ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە روھىي ئوزۇق بەرگۈچى تەقدىرداش شەخسلەردۇر. ئارزۇ - ئارمىنى، كۆزلىگەن مەقسىتى بىر بولغان ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا چۈشەنمەسلىك مەۋجۇت بولمايدۇ، ئىناقلىق بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ياخشى ئېيتىلغان بىر ئېغىز گېپىلا خوتۇنلارنى ئېرىتەلەيدۇ، شادلاندۇرىدۇ، چەكسىز ئارام بېرىدۇ. دېمەك، خوتۇنغا ئىللىق سۆز قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئەرلەر ئۈچۈن ئەرلىك پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ خېلى بىر قىسىم ئەر ئەزىمەتلىرىمىزدە بۇ خىل چۈشەنچە، بۇ خىل مىجەز، ئەنئەنە يوق. مەدەنىيەتلىك، ئائىلىسىنى قىزغىنىدىغان، قارىماققا ناھايىتى بەختلىكتەك كۆرۈنىدىغان

بىر سىپايە خانىم يېقىندا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ھېسسىياتىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «. . . ئېرىم بىلەن بىر داستىخاندا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى كەمسىتىدۇ، ‹سەن نېمىتتىڭ›، دەپ گەپ - سۆزۈمنى ياراتمايدۇ، ئادەم ئەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قېشىدا ھەمىشەم تىنىچ ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلدىم. ئائىلەمنى ساقلاپ قالغۇم كېلىدۇ. باللىرىمنى ئايايمەن. بىراق ھاياتىمدا ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلىمەن. دىلكەش، سىرداش ئادەملەر بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىدۇ. . . »

خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن مۇشۇنداق مىجەزدە ياشايدىغان ئەرلەرمۇ بىزدە ئاۋام خاراكتېرلىك كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

بىز يېقىندا ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن 15 ـ 16 ياشتىلا ئارقا - ئارقىدىن ياتلىق قىلىنىۋېتىلگەن ئاچا - سىڭىل ئىككى چوكاننىڭ ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئەرلىرى تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئالتە ئوغول، ئۈچ قىز تېپىپ ھەممىنى راۋۇرۇس قاتارغا قوشقان بۇ ئائىلىنىڭ يەنە بىر قىزىمۇ بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن كىچىك ياتلىق قىلىنغانلىقىنىڭ كاشىلىسى بىلەن 18 ياش چېغىدىلا بىۋاقىت ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك ياتلىق قىلىش - بۇ ئائىلىنىڭ ئۈچ قىزىنى ھالاك قىلىش ئاقىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، خوتۇن - قىزلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان، جىسمانىي ناكار قىلىۋېتىدىغان ئەنە شۇنداق قاتىل ئۇيغۇرلارمۇ بىزدە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

خوتۇن - قىزلارنى ھەر خىل يامان يوللارغا گىرىپتار قىلىدىغان، قەلەندەرچىلىككە سالىدىغان، باللىق خوتۇنلىرىنى تاشلىۋېتىپ كېتىدىغان، قەرزگە، قىمارغا گۆرە قويىدىغان. . . لارنى دېمەيدىغان تېخى!

**بىزدە خوتۇن - قىزلارغا نىسبەتەن ئائىلىلەر بېسىمىمۇ ئېغىر دېگىنىمىزدە، جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان ئائىلىلەر ئىچكى ئىرىكچىلىكى، قېيىن ئانا - كېلىن مۇناسىۋىتى، ئانا - بالا مۇناسىۋىتى. . . ساھەلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز.**

مۇتلەق كۆپ ئائىلىلەردە بولۇپمۇ يېزىلاردا ئەمدىلا كۆزى يورۇغان خوتۇنلار تېخى ماغدۇرىغا كەلمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى - ئىنەك - موزاي، قوي - قوزا، باغ - ھويلا، ئوچاق - تونۇر. . . قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىشى - بىزدىكى خوتۇنلار مەجبۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ بۆشۈكى ئۈستىدە ئۆتىدىغان ئۇيقۇسىز كېچىلەر تۈگىمەس - پۈتمەس كىر - قاتلار، ئېرىنىڭ، قېيىن ئاتا - قېيىن ئانا ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئاش - تامىقىنى ئېتىش، ئۇنى ئازدەپ ئاچچىق تاپا - تەنىلىرىنى ئاڭلاش ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ يولسىزلىق - قوپاللىقلىرىنىمۇ كۆتۈرۈش - يۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ تېخى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ۋە ئۇنىڭ

ئۈستىگە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلار قوشۇلۇپ بىچارە خوتۇنلارنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋاتىدۇ. پۈتۈن تۇرمۇش، پۈتۈن ئېغىرچىلىق خوتۇنلارنى تاغدەك يۈك بولۇپ باسىدۇ. مانا بۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئانىلارغا يۈكلىگەن ئىجتىمائىي ئىرىكچىلىك تەقسىماتى. ئۇلار بۇ تەقسىماتنى لام - جىم دېمەي سۈكۈت ئىچىدە كۆتۈرۈشكە مەجبۇر. لېكىن ئانىلارنىڭ ۋە ئۇلار تۇغقان بالىلارنىڭ سالامەتلىكى، ھال - ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ قانداق شارائىتتا ياشاۋاتىدۇ؟ كىشىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدە بۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابى يوق.

يەنە ئالايلى، قىز بالا ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ - دە، قېيىن ئانا يېڭى كەلگەن كېلىن بىلەن ئۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن تويلۇق «قىز مېلى» نى كۆزىتىدۇ. ئەگەر «قىز مېلى» ئاز ياكى «چاكىنا» دەپ قارالدىمۇ، كېلىن ئۈستىدە تەنە، سالقىن مۇئامىلە تۈگىمەيدۇ. «ئەرزان كېلىن» نىڭ غەيۋىتى ئۇلغىيىدۇ.

- مېنىمۇ ئۆز قىزىدەك كۆرسىچۇ، - دەيدۇ بىر كېلىنچەك مەن بىلەن مۇڭدىشىپ، - مەن قېيىن ئانامنىڭ يەكلىشىدىن بەكمۇ بىزار. ئۇ ئوغلىنى قەدىرلەيدۇ، ۋەھالەنكى ئوغلى ياخشى كۆرگەن مېنى يامان كۆرىدۇ، كەمسىتىدۇ. مېنىڭ گۇناھىم نېمە، ئۆزۈم بىلمەيمەن. سىنجىلاپ كۆزەتسەم، قېيىن ئانام مېنى ئوغلىدىن قىزغىنىدىكەن. ئىلگىرى موماينىڭ بارلىق مېھرى ئوغلىغا، قىزلىرىغا توغرىلانغان بولسا، ھازىر كېلىن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ مېھرىگە بىر قىزغىنىش سايىسى قوشۇپ قويىدى ئەمەسمۇ؟

دېمەك، ئوغلى بىلەن كېلىنى ياخشى ئۆتسىمۇ چىدىماسلىق بەزى قېيىن ئانىلار ئىچى تارلىقىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، كېلىن يەكلەش، كېلىن پاتۇرماسلىق بىزدىكى يامان ئىللەتلەردىن يەنە بىرى.

**خوتۇن - قىزلار ئۈستىدىكى جەمئىيەت بېسىمى - تولاراق خوتۇن - قىزلارغا بولغان جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئېتىبارنىڭ تۆۋەنلىكى، مىللىي كەيپىياتىمىزدىكى كەمسىتىش، قىسىش، ئانىلارغا ئىخلاس، قىزلارغا مېھىر - شەپقەت ئەقىدىمىزنىڭ تۆۋەن - سۇس بولۇشىدەك مىللىي قىلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.**

جەمئىيەت پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان، جەمئىيەتتە قىسمەن باش كۆتۈرگەن خوتۇن - قىزلارنى ئۆيلەرگە بەنت قىلىۋېتىش شامىلى، قىز بالىلارنى ئوقۇتماسلىق خاھىشى، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرگە قىز بالىلارنى ئاز قوبۇل قىلىش، مەكتەپ پۈتتۈرگەن قىزلارنى خىزمەتكە ئالماسلىق، جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچى قىسقارتىش لازىم بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئاساسەن خوتۇن - قىز ئەمگەكچىلەرنى قىسقارتىۋېتىش، خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرمۇ خوتۇن - قىز ئەمگەك كۈچلىرىنى ئالماسلىق، ئەرسىز يۈرگەن خوتۇن - قىزلارنى جەمئىيەت خاراكتېرلىك يەكلەش، ئارىغا ئالماسلىق، ئەمگەك، كىرىم قىلىش ئورنى بولمىغان قىزلار توي قىلالماسلىق... ھادىسىلىرى جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان خوتۇن - قىزلار دىشۋارچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. كەلپىن، مورى، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ بەزى يېزا - بازارلىرىدىن ئىگىلەپ بىلىشىمىزچە، مۇشۇ جايلاردىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇيغۇر خوتۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرلىرىنىڭ «سۈرەتكە چۈشسە يامان بولىدۇ»، «سۈرەتكە ئاخىرەتتە جان تەلەپ قىلىدۇ» دېگەندەك گەپلىرىنىڭ تەسىرىدە پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا لازىم بولغان سۈرەتكە چۈشۈشتىن قېچىقىپ گۇۋاھنامە ئالالمىغان. خوتۇن - قىزلارنىڭ بازارلاردا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەتلىرىمۇ جەمئىيەتنىڭ قىسىشىغا ئۇچرىغان. قىسقىسى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي دىشۋارچىلىق تەقدىرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا.

دېمەك، بىزدە مۇتلەق كۆپ خوتۇن - قىزلار ئۆز ئۈستىدىكى بولمىغۇر ئېغىرچىلىقلارنى لام - جىم دېمەي سۈكۈت ئىچىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىشكەن. سەۋەب، دەرد تارتىۋاتقان بىچارە مەزلۇمەلەر ئەرلىرى ئۈستىدە، روھانىي كىشىلەر ئۈستىدە، ئائىلە، قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىلىرى ئۈستىدە، جەمئىيەت شارائىتلىرى ئۈستىدە دەرد - شىكايەتلەر بايان قىلىشسا، كېيىن يەنىمۇ ئېغىر تالاپەتلەرگە دۇچار بولۇشىدىغان ۋەھىمىلەردىنمۇ چۆچۈپ ئۆتۈشىدۇ. «خۇدايىم بار» دېگەن بىر جۈملە سۆز ئۇلارنىڭ «قانائىتى».

1950 - يىللاردىن بۇيان پارتىيە، ھۆكۈمەت خوتۇن - قىزلار ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خوتۇن - قىزلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ۋە خوتۇن - قىزلار مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش بويىچە سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن سانسىزلىغان جانلىق خىزمەتلەرنى، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. بۇنى بىز مىللىتىمىزگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىي تەدبىرلەر ئۇقۇمىدىن ئالقىشلاپ كەلدۇق. لېكىن بىزنىڭ مىللەت خاراكتېرلىك روھىي ھالىتىمىز، زامانىۋى مەدەنىيەتسىزلىكىمىز، خۇراپات تەسىر قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەرلىك مىجەز، ئادەتلىرىمىز ھامان ھەر قانداق زامان تەدبىرلىرىدىن بوشاپ قالغىنى يوق. يەنىلا ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋام قىلغىنى قىلغان.

ئىنساندا ئۆزىنى دۇنياغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئانىنى ئىززەتلەشتىنمۇ ئارتۇق مەجبۇرىيەت بارمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك مەدەنىيىتىمۇ ئانىلارنى ھۆرمەتلەشتىن، ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشتىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ تارىختىكى مىللىي خارابچىلىقىمىزمۇ ئانىلارغا بولغان يامان مۇناسىۋەتلەردىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بىر سىگنال خاراكتېرلىك سوئاللار بىز خەقنىڭ ئارىسىدا قاچانغىچە جاۋابسىز ئۇقۇملار تەركىبىگە قېتىلىپ قالىۋېرەر؟ M1








بۇخەلچەم رەھمىتۇللا (ئوقۇغۇچى) يازغان



شىرئىبلى ئابلا (ئوقۇغۇچى) يازغان



ئابلىمىت ئوسمان (ئوقۇغۇچى) يازغان



مۇھەممەت ئىمىن (دېھقان) يازغان





زىبۇ - زىننەتلەر

غەيرەت ئەيسا فوتوسى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995- يىل 3 -سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：《新疆文化》杂志编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮　编：830002　电话：2824771
印　刷：新疆《工人时报》印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11- قورو
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى: 2824771
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65——1073／1
本刊代号：58——22　定价：1.20

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى NC65 – 1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 22 – 58. باھاسى: 1.20 يۈەن



www.uyghurkitap.com